تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 1 - يىللىقى
ئۈچۈن دەرسلىك

# ئۇيغۇر تىلى

(فونېتىكا ۋە لېكسىكا)

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

## نەشرىياتتىن

قولىڭىزلاردىكى بۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1-يىللىق ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى 1981-يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشكە يولداش ئەيساجان قاتناشقان، تەھرىرلىكنى يولداش باۋۇدۇن نىياز ئىشلىگەن ئىدى.

بۇ قېتىم كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىگە ئاساسەن، بۇ دەرسلىككە مۇۋاپىق ھالدا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ۋە دەرسلىك مەزمۇنىنى تولۇقلاپ قايتا نەشر قىلدۇق.

1984-يىل 6-ئاي

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# مۇندەرىجە

## كىرىش سۆز


1. تىل توغرىسىدا ئۇمۇمى چۈشەنچە ........................ 1
2. تىلنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى ........................ 3

فونېتىكا ........................ 5

تىل تاۋۇشلىرى ........................ 5

1 - §. تىل تاۋۇشلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە ........................ 5
2 - §. ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى ........................ 7
3 - §. تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى ........................ 9
4 - §. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار ........................ 11
5 - §. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ........................ 14
6 - §. «ئى» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ........................ 17
7 - §. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ........................ 19
8 - §. بەزى تاۋۇشلارنىڭ قوللىنىلىشى ........................ 22
9 - §. ھەمزە ( ئـ ) بەلگىسىنىڭ قوللىنىلىشى ........................ 24


## بوغۇم ۋە ئۇرغۇ


10 - §. بوغۇم ........................ 26
11 - §. بوغۇم تۈزۈلۈشى ........................ 27
12 - §. بوغۇم تۈرى ........................ 29
13 - §. ئۇرغۇ ........................ 31
14 - §. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى ........................ 33

## لېكسىكا


15 - §. لۇغەت تەركىۋى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە …… 35

16 - §. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى …… 36

17 - §. چۈشەنچە ۋە سۆز …… 40

18 - §. سۆز ۋە سۆز مەنىسى …… 42

19 - §. سۆزنىڭ كونكرېت (ئېنىق) ھەم ئابستراكت (ئومۇمى) مەنىسى …… 46

20 - §. سۆزنىڭ ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىسى …… 49

21 - §. بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر …… 52

22 - §. مەنىداش (سىنونىم) سۆزلەر …… 55

23 - §. شەكىلداش (ئومونىم) سۆزلەر …… 57

24 - §. قارىمۇ-قارشى مەنىلىك (ئانتونىم) سۆزلەر …… 59

25 - §. تۇراقلىق ئىبارىلەر (بىرىكمىلەر) …… 61

26 - §. ئىدىيوم …… 63

27 - §. ماقال - تەمسىللەر …… 65


## مورفولوگىيە

### سۆز تەركىۋى


28 - §. تۆپ (تومۇر) سۆز ۋە قوشۇمچە …… 67

29 - §. قوشۇمچىلەرنىڭ تۈرلىرى …… 69

30 - §. قوشۇمچىلەرنىڭ ئىملاسى …… 71

### سۆزلەرگە قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى


31 - §. تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىغى .................... 72


### سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىغى


32 - §. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىغى .................... 74
33 - §. ئارا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى .......... 77
34 - §. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىغى .................... 80
35 - §. تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى .................... 82
36 - §. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى .................... 82
37 - §. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى .................... 85
38 - §. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى .................... 86
39 - §. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى .................... 88


### سۆز تۈزۈلۈشى


40 - §. تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز .................... 90
41 - §. جۈپ سۆز .................... 92
42 - §. بىرىككەن سۆز .................... 94
43 - §. مۇستەقىل ھەم ياردەمچى سۆزلەر .................... 96

# كىرىش سۆز

## 1. تىل توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى. ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى تىل ئارقىلىق بولىدۇ. ئىنسانلار تىلنى ۋاستە قىلىپ، ئۆزئارا ئالاقە باغلايدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ ۋە بىر-بىرىنى چۈشىنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تىل بولمىسا، جەمىيەتمۇ بولمايدۇ، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشمۇ بولمايدۇ. بۇ مەنىدە تىل ئالاقە قورالى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە جەمىيەتنىڭ كۈرەش ۋە راۋاجلىنىش قورالىدۇر. دىمەك، تىل بولمايدىكەن، ئىنسانلار جەمىيەتنى تەرەققىي قىلالمايدۇ، ھەتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالىدۇر. ئادەمنىڭ مىڭىسىدە پەيدا بولغان ھەر قانداق پىكىر پەقەت تىل ماتىريالى ئاساسىدىلا — تىلدىكى سۆزلەر جۈملىلەر ئاساسىدىلا پەيدا بولىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ئىنسانلار تىل ماتىريالىسىز پىكىر قىلالمايدۇ، پىكىر قىلىش بولىدىكەن، ئۇنىڭغا تىل ۋاستە بولىدۇ. «تىل — پىكىرنىڭ بىۋاستە رىياللىقى.» (ماركس) «پىكىرنىڭ چىنلىقى تىلدا ئىپادى-

لىنىدۇ.» (ستالىن)

يېزىقمۇ تىلغا ئوخشاشلا ئالاقە قورالىدۇر، يەنى يېزىق مەلۇم شەرتلىك بەلگىلەر (ھەرپلەر) ئارقىلىق تىلنى خاتىرىلەيدىغان ۋە ئۇنى ئىپادە قىلىدىغان قورالدۇر. تىل ۋاقىت بىلەن ئارىلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يېزىق بولسا، بۇ چەكلىمىنى تولدۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر تىل، ئۇ ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا قەدىمقى تۈركى تىل ئاساسىدىن تەرەققى قىلغان، بېيىغان ۋە مۇكەممەللەشكەن. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىنى تەشكىل قىلغۇچى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىشتا ۋە جەمىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈنۈملۈك ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەدەبىي جانلىق تىل ۋە ئەدەبىي يېزىق تىلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ جانلىق شەكلى نۇتۇق ۋە سۆھبەتلەردە، رادىيو، كىنو ۋە تىياتىرلاردا قوللىنىلىۋاتقان تىلدۇر. يېزىق شەكلى نەشرىيات، ئاخبارات ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىلىۋاتقان يېزىق تىلىدىن ئىبارەت.

بىز «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكىنى ئۆگىنىشتە ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىق تىلىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى ۋە ئەدەبىي جانلىق تىلىنىڭ تەلەپپۇزىنى ئۆلچەم قىلىشىمىز، مۇشۇ ئاساستا

پەيدىن-پەي توغرا يېزىش ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلىش تەلىۋىگە يېتىشىمىز لازىم.

## 2. تىلنىڭ تەركىۋىي قىسىملىرى

ھەرقانداق بىر تىل فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىدىن ئىبارەت 3 ئاساسىي تەركىۋىي قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ.

فونېتىكا — تىل ئىلمىنىڭ تىل ئاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان قىسمى. ئۇ مەلۇم بىر تىلنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشى، يەنى ئاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى، شۇ تىلدا فونېما بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان ئاۋۇشلار، ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى، ئاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش يوللىرى، ئاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى، ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرى، بوغۇم، ئۇرغۇ، بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىلىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، توغرا تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ. دېمەك، فونېتىكا تىل ئاۋۇشلىرى توغرىسىدىكى پەندۇر.

لېكسىكا — سۆزلۈك دېمەكتۇر. بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لېكسىكا ياكى لۇغەت تەركىۋى دېيىلىدۇ. لېكسىكا لۇغەت تەركىۋىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى، سۆز مەنىسى ۋە تۈرلىرىنى، شۇنداقلا سۆز مەنىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش يوللىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

گىراماتىكا — تىلنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدۇر. ئۇ، سۆزلەر-

نىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى، ئۆزگىرىشى، تۈركۈملەرگە ئاي-رىلىشى ھەمدە سۆزلەرنى بىرلەشتۈرۈپ جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. گىراممانىكا تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىگە قاراپ، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دىگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى توغرىسىدىكى قائىدىلەرنى ئۆگىتىدۇ؛ سىنتاكسىس بولسا، جۈملە تۈزۈلۈشى، ئۇلارنىڭ باغلىنىشى ۋە تۈرلىرى توغرى-سىدىكى قائىدىلەرنى ئۆگىتىدۇ.

تىل-يېزىق — بىرخىل قورال. بىز پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە بۇ قورالدىن ئايرىلالمايمىز. بىرەر ماشىنا ياكى ئۈسكۈنىنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن، مېخانىكا قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا بىلىش زۆرۈر بولغىنىدەك، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە تىل-يېزىق قورالىنى ياخشى ئىگەللەش لازىم. بىزنىڭ تىل-يېزىق ئاساسىمىز قانچە ياخشى بولىدىكەن، باشقا پەنلەرنى، شۇنىڭدەك باشقا تىللارنى ئۆگىنىشىمىز شۇنچە تېز، شۇنچە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يارامىلىق خادىملىرىدىن بولۇش ئۈچۈن، ئانا تىلىمىزنىڭ قائىدە..قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

# فونېتىكا

## تىل تاۋۇشلىرى

### 1 - §. تىل تاۋۇشلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە

بىز باشلانغۇچ مەكتەپتە جۈملىلەرنىڭ سۆزلەردىن، سۆزلەرنىڭ بولسا تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدىغانلىغىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىز دەۋاتقان تىل تاۋۇشلىرى تەبىئەتتىكى ھەر خىل تاۋۇش (ئۈن) لەردىن پەرق قىلىدۇ. تەبىئەتتىكى ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ ئاۋازلىرى، ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ ۋاقىراش-سايراشلىرى تىلنى ئىپادە قىلالمايدۇ، تىل تاۋۇشلىرى بولسا، تىلنى ئىپادە قىلىدۇ. تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق تىلنى ئىپادە قىلىش پەقەت ئادەملەرگىلا خاس خۇسۇسىيەتتۇر.

بىزنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىمىز ئەنە شۇنداق تىل تاۋۇشلىرىدىن قۇرۇلغان. مەسىلەن، «ئەمگەك» دىگەن سۆز «ئە-م-گ-ە-ك» دىگەن بەش تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن. بىز بىر كۈندە قانچىلىك سۆزلىمەيلى، ئەنە شۇ سۆزلىگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى چەكلىك ساندىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل تاۋۇشلىرى تىلنى ئىپادە قىلغۇچى ۋە تىلنىڭ ماددى پوستى دىيىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر تىلدىكى تىل تاۋۇشلىرى چەكلىك ساندىكى تاۋۇش بىرلىكلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق

تاۋۇش بىرلىكلىرى تىلدىكى ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك بولۇپ، ئۇلار سۆزلەرنى ياساشتا مۇستەقىل تەركىبلىك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، «بار» بىلەن «بەر»، «قېرى» بىلەن «قىرى»، «ئوي» بىلەن «ئۆي»، «ئۇن» بىلەن «ئۈن»، «ئون» بىلەن «ئۆن»، «ئاش» بىلەن «ئىش» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش تەركىبلىرى ئوخشاش، ئەمما مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ. ئۇلار پەقەت بىرەر سوزۇق تاۋۇشنىڭ مەنە ئۆزگەرتىش رولى مۇناسىۋىتى بىلەن پەرقلەنگەن. ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈستىدىمۇ شۇنى ئېيتىش مۇمكىن. مەسىلەن، «تال» بىلەن «قال»، «باش» بىلەن «تاش»، «نام» بىلەن «تام»، «توي» بىلەن «قوي»، «كۆز» بىلەن «سۆز»، «پۈتۈن» بىلەن «تۈتۈن» دېگەن سۆزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇش تەركىبلىرى ئوخشاش، لېكىن مەنىلىرى ئوخشاش ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەنە ئايرىمىسى پەقەت بىرەر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن. دېمەك، تىلدىكى ھەرقانداق بىر تاۋۇش بىرلىكى سۆزلەرنى ياساشتا مۇستەقىل تەركىبلىك رول ئوينايدۇ ۋە مەنە ئىپادىلەش ياكى مەنە ئۆزگەرتىش رولىغا ئىگە بولىدۇ.

**تىلدا مەنە ئىپادىلەش ياكى مەنە ئۆزگەرتىش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك تاۋۇش بىرلىكى تىل تاۋۇشى ياكى فونېما دەپ ئاتىلىدۇ.**

**1 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سېلىشتۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشىدىكى پەرقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئال — قال　　　تۆلكە — كۆلكە

كىچىك — كېچىك　　　سېرىق — تېرىق

| | |
|---|---|
| تايغان — تويغان | كەكلىك — چەكلىك |
| سۆزمە — ئۆزمە | يوللاش — قوللاش |
| كۆك — سۆك | قورۇق — قۇرۇق |
| ئوتۇش — توقۇش | باشلىق — تاشلىق |

## 2 -§. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى 32 تاۋۇش (فونېما) تىن تەركىپ تاپقان. ئۇلار يېزىقتا ئايرىم-ئايرىم بەلگە (تامغا) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

|| تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەيدىغان بەلگە ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ. ||

|| ھەرپلەرنىڭ شەكلى، نامى ۋە تەرتىۋىنى كۆرسىتىدىغان جەدۋەل ئېلىپبە دېيىلىدۇ. ||

### ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| تەرتىۋى | ئايرىم شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇردىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا ، ا | | | ـا | ئا |
| 2 | ئە ، ە | | | ـە | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| چې | ـچ | ـچـ | چـ | چ | 7 |
| خې | ـخ | ـخـ | خـ | خ | 8 |
| دې | ـد | | | د | 9 |
| رې | ـر | | | ر | 10 |
| زې | ـز | | | ز | 11 |
| ژې | ـژ | | | ژ | 12 |
| سې | ـس | ـسـ | سـ | س | 13 |
| شې | ـش | ـشـ | شـ | ش | 14 |
| غې | ـغ | ـغـ | غـ | غ | 15 |
| فې | ـف | ـفـ | فـ | ف | 16 |
| قې | ـق | ـقـ | قـ | ق | 17 |
| كې | ـك | ـكـ | كـ | ك | 18 |
| گې | ـگ | ـگـ | گـ | گ | 19 |
| ڭې | ـڭ | ـڭـ | ڭـ | ڭ | 20 |
| لې | ـل | ـلـ | لـ | ل | 21 |
| مې | ـم | ـمـ | مـ | م | 22 |
| نې | ـن | ـنـ | نـ | ن | 23 |
| هې | ـه | ـهـ | هـ | ھ | 24 |
| ئو(o) | ـو | | | ئو، و | 25 |
| ئۇ(u) | ـۇ | | | ئۇ، ۇ | 26 |
| ئۆ(ө) | ـۆ | | | ئۆ، ۆ | 27 |
| ئۈ(ü) | ـۈ | | | ئۈ، ۈ | 28 |
| ۋې | ـۋ | | | ۋ | 29 |
| ئې | ـې | ـېـ | ئېـ، ېـ | ئې، ې | 30 |
| ئى | ـى | ـىـ | ئىـ، ىـ | ئى، ى | 31 |
| يې | ـي | ـيـ | يـ | ي | 32 |

سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى شۇ ھەرپلەرگە نام قىلىندى. ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىگە شۇ ھەرپ ۋەكىللىك قىلغان تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «ئې» قوشۇپ نام قىلىندى.

2 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە رەتلەپ كۆچۈرۈڭلار.

ئۈرۈمچى، فابرىكا، ئېرىق، گېزىت، ئىلمەك، غالىپ، يايلاق، خەرىتە، ئاسمان، بېلىق، ئەمگەك، دىخان، تارىم، ئورمان، شەھەر، كۆن، قورۇلۇش، ئۆدەك، ھۆنەر، ئۇرۇق، مەيدان، نان، لەغمەن، ۋاقىت، ژورنال، چارەك، چابدۇق، پاختا، سامان، زاۋۇت، رايون

3 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈڭلار، ھەر بىر سۆزنىڭ يېنىدىكى تىرناق ئىچىگە ئۇنىڭ قانچە تاۋۇشتىن تۈزۈلگەنلىگىنى يېزىپ قويۇڭلار.

1. دوست ( ) يىغلىتىپ ( ) ئېيتار ( )، دۈشمەن ( ) كۈلدۈرۈپ (ماقال).
2. ئىسراپچىلىق ( ) يامان ( ) ئادەت ( ).
3. كىتاپنى ( ) مۇلاھىزىسىز ( ) ئوقۇش ( ) يىگەن ( ) تاماقنى ( ) ھەزىم ( ) قىلمىغان ( ) بىلەن ( ) باراۋەر.

4 - كۆنۈكمە: ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسىدىكى ھەرپ-لەرنىڭ نامىنى ئۇلارنىڭ رەت تەرتىۋى بويىچە يادلىۋېلىڭلار.

### 3 - §. تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى

ئادەمنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى خۇددى پۇختا ئىشلەنگەن مۇكەممەل بىر چالغۇ ئەسۋاۋىغا ئوخشاي-

دۇ. تىلدىكى ھەرقانداق تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ بىر تۇتاش ھەركىتى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.

تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنى تاۋۇش چىقىرىشتىكى رولىغا قاراپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

نەپەس ئورگانلىرى — بۇ، ئۆپكە، نەپەس يولى (كاناي) ۋە دىئافراگما (كۆكرەك بوشلۇغىدىكى ئېپىز پەردە) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ھاۋانىڭ مەنبەسى ۋە تاۋۇش ئۆتكۈزگۈچ دۇر.

بوغۇز نەپەس يولىنىڭ يۇقۇرى تەرىپى كېڭىيىپ بېرىپ، بوغۇزنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ، بوغۇز بوشلۇغىدا تاۋۇش پەردىسى ھەركىتىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئىككى




رەسىم: تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى

1. لەۋ
2. چىش
3. قاتتىق تاڭلاي
4. يۇمشاق تاڭلاي
5. كىچىك تىل
6. تىل ئۇچى
7. تىل ئۈستى
8. تىل تۈۋى
9. كېكىرتەك (بوغۇز)
10. تاۋۇش پەردىسى
11. قىزىلۆڭگەچ

تال كۆەۈرچەك ۋە بوغۇز ئىچىگە جايلاشقان تاۋۇش پەر-دىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاۋۇش پەردىسى بوغۇز ئۈستىدە گورىزونتال ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۆپكىدىن چىققان ھاۋانىڭ تەسىردە تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش ياكى تىترىمەسلىگى بىلەن ھەر خىل تاۋۇشلار ھاسىل بولىدۇ.

ئېغىز ۋە دىماق بوشلۇغى — بۇنىڭغا قاتتىق-يۇمشاق تاڭلاي، تىل، كىچىك تىل، چىش، لەۋ ھەمدە ئاستىنقى ئىڭەكلەر كىرىدۇ. بۇ ئورگانلار تاۋۇش چىقىرىشتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تىل ئەڭ ھەركەتچان ئەزا بولۇپ، ئۇ تىل ئۇچى، تىل ئالدى، تىل ئوتتۇرىسى ۋە تىل كەينى دىگەن قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. تىل ئۇچى چىش تۈۋىگە تېگىش ئارقىلىق ت، د، ن، ل تاۋۇشلىرى چىقىدۇ. تىلنىڭ ئالدىنقى قىسمى قاتتىق تاڭلايغا تېگىش بىلەن چ، ج، ش، ژ تاۋۇشلىرى چىقىدۇ. تىل كەينىنىڭ يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىشى بىلەن غ، ق، خ تاۋۇشلىرى چىقىدۇ.

تىلدىن قالسا، ئاستىنقى لەۋمۇ خېلى ھەركەتچان، ئۇنىڭ يۇقۇرقى لەۋگە تېگىشى بىلەن ب، پ تاۋۇشلىرى چىقىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېيتقاندىمۇ تىل ھەم لەۋ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 4-§. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار

ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق تاۋۇشلار ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇ-غىغا ئۇچراش ياكى ئۇچرىماسلىق خۇسۇسىيىتى بويىچە

ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن ئىبارەت.

## سوزۇق تاۋۇشلار

> ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇغىغا ئۇچرىماي، ئەركىن، سوزۇلۇپ ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇغىدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي ئەركىن چىقىدۇ؛ تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى بىر تەكشى جىددىيلىشىدۇ؛ ھاۋا ئېقىمى بىرئاز ئاجىزراق بولىدۇ؛ ئاھاڭلىق — مۇزىكىلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 8 سوزۇق تاۋۇش بار. ئۇلار: ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ

5 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ھەر بىر سۆزنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار.

ياخشىلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېچىكى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.
(ل. مۇتەللىپ)

6 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدە قانچىدىن سوزۇق تاۋۇش بارلىغىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئەقىللىق، كۆرۈنۈش، تاۋۇز، ۋەتەن، سۈپەت، ئۈزۈملۈك، ئىقتىسات، مۇستەقىل، جۇڭگو، ئىتتىپاق، سىپتۇالدى، قوغۇنلۇق، جەمىيەت، ئىمتىھان، ئېنىق

## ئۈزۈك تاۋۇشلار

> ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېغىز تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، ئۈزۈپ ئېيتىلىدىغان تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېغىز بوشلۇغىدا مەلۇم توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ؛ پەقەت تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدىغان ئورنىلا جىددىيلىشىدۇ؛ ھاۋا ئېقىمى كۈچلۈك بولىدۇ؛ شاۋقۇنلۇق بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار. ئۇلار: ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى يەككە تەلەپپۇز قىلغىلى بولمايدۇ، پەقەت بىرەر سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىقلا ئېنىق تەلەپپۇز قىلغىلى بولىدۇ.

7 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ھەر بىر سۆزنىڭ تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاستىغا

بىر سىزىق، ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

سۆيۈملۈك ۋەتەننىڭ ئوغۇل - قىزلىرى،
بىلىم ئىشقىدا ئۆزۈك ماتروستەك.
ۋەتەننى گۈللەتىش ئۈچۈن مىليونلاپ،
بىلىملىك ئەمگەكچى ئىنسانلار كېرەك.

## 5 - §. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ھەم لەۋ ھالىتىگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: 1 - تىل ئورنى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى؛ 2. لەۋ ھالىتى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى.

### 1. تىل ئورنى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىسىنىڭ ئىگىز - پەس، ئىلگىر - ئاخىر بولۇشى تىل ئورنى دەپ ئاتىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ھەم ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ 3 كە بۆلۈنىدۇ:

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ئە، ئۆ، ئۈ
تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئو، ئۇ
ئارا سوزۇق تاۋۇشلار: ئې، ئى

## 2. لەۋ ھالىتى جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

> سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، لەۋ ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى يەنى قوش لەۋنىڭ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمۇلاق شەكىل ھاسىل قىلىشى ياكى ئەسلى ھالىتىنى ساقلىشى لەۋ ھالىتى دىيىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتىگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ

لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئە، ئې، ئى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ھەم لەۋ ھالىتى بويىچە بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| تىل ئورنى بويىچە | لەۋ ھالىتى بويىچە | |
|---|---|---|
| | لەۋلەشكەن | لەۋلەشمىگەن |
| تىل ئالدى سوزۇقلار | ئۆ، ئۈ | ئە |
| تىل كەينى سوزۇقلار | ئو، ئۇ | ئا |
| ئارا سوزۇقلار | | ئې، ئى |

8 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقالىلارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق، ئارا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاستىغا ئەگرى سىزىق سىزىڭلار.

1. ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر، يامغۇر بىلەن يەر. 2. ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە. 3. قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە. 4. دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.

9 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلگەن سۆزلەرنى ئوقۇپ، ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قانداق سوزۇق تاۋۇش ئىكەنلىگىنى جەدۋەلدىكى تەلەپ بويىچە يېزىڭلار.

| بېرىلگەن سۆز | تىل ئالدى، تىل كەينى ياكى ئارا سوزۇقمۇ؟ | لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇقمۇ؟ |
|---|---|---|
| تومۇز | | |
| ئويلىماق | | |
| ئۆلگىلىك | | |
| ئۇيغۇر | | |
| پەتنۇس | | |
| ئېتىزلىق | | |
| توشقان | | |
| كۆڭۈل | | |
| لاچىن | | |
| كەپتەر | | |
| مەيدان | | |
| تاھىر | | |
| پىئونېر | | |

10 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بار سۆزلەرنى بىر تەرەپكە،

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار يوق سۆزلەرنى يەنە بىر تەرەپكە كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

ياشلىقتىن تۆكۈلدى بىر ياپراق،
ئۆمرۈڭدىن سۆكۈلدى بىر ۋاراق.
ئېيتقىنا ئۆتكۈزدۈڭ مۇقەددەس —
شۇ ئۇلۇغ بىر يىلنى قانداقراق؟
ئۆتكەن شۇ بىر يىلدا قانچىلىك
نەتىجە ياراتتىڭ ئويلاپ باق!

(«شىنجاڭ ياشلىرى» دىن)

### 6 - §. «ئى» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «ئى» سوزۇق تاۋۇشى يالغۇز تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل ئورنى سەل ئالدىغىراق يېقىنلىشىدۇ، لېكىن يانداش تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ بوغۇم ياكى سۆز ھاسىل قىلغاندا، يانداش تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بەزى سۆزلەردە تىل ئالدىغا يېقىنراق، بەزى سۆزلەردە تىل كەينىگە يېقىنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: «بىل» بىلەن «قىز»، «بىلىم» بىلەن «قىزىل»، «گېزىت» بىلەن «جىسىم» دىگەن سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىنى سېلىشتۇرساق، «بىل، بىلىم، گېزىت» دىگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ئى» تاۋۇشى تىل ئالدىغا يېقىنراق (يۇمشاق) تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «قىز، قىزىل، جىسىم» دىگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ئى» تاۋۇشى بولسا، تىل

كەينىگە يېقىنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مۇنداق ھادىسە فونې-تىكا ئىلمىدە تاۋۇش ۋارىيانتى① دېيىلىدۇ. «ئى» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتى گەرچە ئۇنىڭ ئىككى خىل ئەمەلىي تەلەپپۇزى ياكى ئىككى خىل قوللىنىلىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ سۆز مەنىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئى» تاۋۇشىنىڭ ئىككى خىل ۋارىيانتى ئەمەلىيەتتە بىرلا تاۋۇش دەپ قارىلىدۇ.

«ئى» تاۋۇشىنىڭ ئىككى خىل ۋارىيانتى پەقەت «ئى» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئالدى ۋە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈركە ئىگە قوشۇمچىلەرنى ئۇلاشتا رول ئوينايدۇ، يەنى «ئى» تاۋۇشىنىڭ تىل ئالدىغا مايىل (يۇمشاق) تۈرى بىلەن كەلگەن بوغۇملارغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ؛ تىل كەينىگە مايىل (قاتتىق) تۈرى بىلەن كەلگەن بوغۇملارغا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

بىل — بىلىم، بىلىملىك، بىلىملىككە
كەكلىك — كەكلىكنى، كەكلىككە
تىز — تىزلىغان، تىزلىغان، تىزلىغانلار
تىرىش — تىرىشقان، تىرىشقانلار

11 - كۆنۈكمە: ...رىپتىكى سۆزلەر بىلەن سول

---

① ۋارىيانت — ... سۆز بولۇپ، بىر نەرسىنىڭ باشقىچە ئىشلىتىلگەن تۈرى ياكى نۇسخىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، بىر تاۋۇشنىڭ ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى ياكى بىر چۆچەك، بىرەر قوشاقنىڭ بىرنەچچە خىل شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ... باشقىلار.

تەرەپتىكى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى «ئى» تاۋۇشىنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى (تىل ئالدىغا يېقىنراق تەلەپپۇز قىلىنامدۇ ياكى تىل كەينىگە يېقىنراق تەلەپپۇز قىلىنامدۇ) ئېيتىپ بېرىڭلار.

| | |
|---|---|
| تەسىر | كەسىر |
| كىشى | سىگىل |
| سىز | ئىش |
| ئىلمەك | پىشىل |
| يىگىت | تىل |
| ئىدارە | ئىتىز |
| ئىگىز | ھازىر |
| ئىنچىكە | سىرتىق |

12-كۆنۈكمە: «ئى» سوزۇق تاۋۇشى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزدىن 5 نى، قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزدىن 5 نى يېزىپ كېلىڭلار.

## 7-§. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

ئۈزۈك تاۋۇشلار پەيدا بولۇش ئۇسۇلىغا (تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىنى قانداق يېڭىشىگە) قاراپ تۆۋەندىكى 6 تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. پارتلىغۇچى تاۋۇشلار: ب، د، گ، پ، ت، ك، ق
2. پارتلىغۇچى — سىرىلغۇچى تاۋۇشلار: ج، چ
3. سىرىلغۇچى تاۋۇشلار: ۋ، ز، ژ، ي، غ، ف، س، ش، خ، ھ

4. دىماق تاۋۇشلىرى: م، ن، ڭ

5. قوۋۇز تاۋۇشى: ل

6. تىترىگۈچى تاۋۇش: ر

ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش-تىترىمەسلىكىگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ (بۇمۇ تەلەپپۇز قىلىنىش ئۇسۇلىغا كىرىدۇ).

> تاۋۇش پەردىسى تىترىگەن ھالدا ئېيتىلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار 14 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ، ڭ، ل، م، ن، ۋ، ي

> تاۋۇش پەردىسى تىترىمىگەن ھالدا ئېيتىلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر-ئەدەبىي تىلىدا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار 10 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

پ، ت، چ، س، خ، ش، ف، ق، ك، ھ

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇش ئۇسۇلى
بويىچە بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| پەيدا بولۇش ئۇسۇلى | تاۋۇشلار: جاراڭلىق | تاۋۇشلار: جاراڭسىز |
|---|---|---|
| پارتلىغۇچى تاۋۇشلار | ب، د، گ | پ، ت، ق، ك |
| پارتلىغۇچى - سىرىلاڭغۇ تاۋۇشلار | ج | چ |
| سىرىلاڭغۇ تاۋۇشلار | ۋ، ز، ژ، ي، غ | س، ش، خ، ھ، ۏ |
| دىماغ تاۋۇشلىرى | م، ن، ڭ | |
| قوۋۇز تاۋۇشى | ل | |
| تىترىگۈچى تاۋۇش | ر | |

12-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار جاراڭلىق تاۋۇشنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، جاراڭسىز تاۋۇشنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

ئادەمسەن، ئەخلاقلىق ھەم غايىلىك بول.
دەرەخسەن، مېۋىلىك ھەم سايىلىك بول.
مەرىپەت بازىرى قىزىدى قايناپ،
قۇرۇق قول يۈرمىگىن، دەسمايىلىك بول.
(«تارىم» ژۇرنىلىدىن)

13-كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان 5 سۆز، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش

بىلەن باشلىنىدىغان ٥ سۆز يېزىپ كېلىڭلار.

## 8-§. بەزى ھەرپلەرنىڭ قوللىنىلىشى

### 1. «ئې»

1) «ئې» ھەرپى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە تۈپ سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىلا كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئېرىق، چېچەك، ئېغىر، كېلىن، ئېيىق، سېرىق

2) باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە بىرىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن: لېكسىكا، فونېما، نېفىت، خۇاڭخې، جۇدې، دېموكراتىيە، كومىتېت، سېرىك، دېئالېكت، پېئونېر

### 2. «ف»

«ف» ھەرپى باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردە «ف» ئاڭلانغان ئورۇنلاردا قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: فۇجيەن، ئافرىقا، فاشىزم، تېلېفون، فابرىكا، فرانسىيە، فىزىكا، فورمۇلا

## 3. «ژ»

«ژ» ھەرپى ئاۋاز ئىملىقلىرى، ئاۋاز ئىملىق- لىرىدىن ياسالغان پېئىللار ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: گاژ - گوژ، گىژىلداش، گىژىلدىدى، ۋاژ - ۋوژ، ۋىژىلداش، ۋىژىلدىدى، پارىژ، ژورنال، تىراژ، بور - ژۇئازىيە

ئەسكەرتىش:

1) ئايرىم يەرلىك شېۋىلەردە «ئۇ، ئو» ۋە «ئى» تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ي» تاۋۇشى «ژ» قىلىپ ئېيتىلىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلدا «ي» قىلىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: يىتىم (ژىتىم ئەمەس)

يۇيۇش (ژۇيۇش ئەمەس)

2) بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ج» تاۋۇشى ئايرىم يەرلىك شېۋىلەردە «ژ» قىلىپ ئېيتىلىسىمۇ، ئەدەبىي تىلدا «ج» قىلىپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: كاج (كاژ ئەمەس)

مەخرەج (مەخرەژ ئەمەس)

14 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىغا دىققەت قىلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى سېلىشتۇرۇڭلار.

تېز — تىز      كېرىش — كىرىش

تېرىق — تىرىق (ئاۋاز)      سېلىق — سىلىق

كېچىك — كىچىك      كېرىم — كىرىم

ئېلىش — ئىلىش    چېرىك — چىرىك
تېرىش — تىرىش    ئېلى — ئىلى
ئېلان — ئىلان    يېغىش — يىغىش

15 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىنى سېلىشتۇرۇڭلار ۋە ئوڭ تەرەپتىكىدەك يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

يىل — ژىل    يۇلتۇز — ژۇلتۇز
يۈر — ژۈر    يۈرەك — ژۈرەك
يىلان — ژىلان    يىرىك — ژىرىك
باج — باژ    ۋىجدان — ۋىژدان
ئىجتىمائى — ئىژتىمائى    يىغماق — ژىغماق
مەجلىس — مەژلىس    يىغا — ژىغا

## 9 - §. ھەمزە (ئ) بەلگىسىنىڭ قوللىنىلىشى

1. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇمنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بوغۇمغا قوشۇپ يازغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ھەمزە» بەلگىسى قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

سە ن ئە ت (سەنئەت)

مە س ئۇ ل (مەسئۇل)

قە ت ئى (قەتئى)

قە ل ئە (قەلئە)

2. «ى، ې» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇملارنى «ئا، ئە، ى، ئو» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن باشلىنىدىغان بوغۇملارغا قوشۇپ يازغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ھەمزە» قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

ب ى ئا ر ا م (بىئارام)

پ ې ئ ى ل (پېئىل)

پا ج ى ئ ە (پاجىئە)

ب ى ئ و ل و گ ى ي ە (بىئولوگىيە)

16 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، قانداق ئورۇنغا «ھەمزە» بەلگىسى قويۇلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قايسى قائىدىگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

سۈنئى، تەلئەت، مەشئەل، ھەيئەت، تەبئى، بىئەدەپ، مۇداپىئە، رىئايە، گېئولوگىيە، مۇددىئا، مۇراجىئەت

17 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تېگىشلىك ئورۇنلىرىغا «ھەمزە» بەلگىسىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار.

بىارام، تەبىەت، فېودال، ئىانە، مەلىۇن، پىونېر، پاجىە، ئىنام، ئالدىنالا، رىايە، گېومېترىيە

18 - كۆنۈكمە: «ھەمزە» بەلگىسى قويۇلىدىغان سۆزلەر ئۈستىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياد ئىملا يېزىڭلار.

# بوغۇم ۋە ئۇرغۇ

## 10 - §. بوغۇم

سۆزلەر بوغۇملاردىن تۈزۈلىدۇ. سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى بىر كۆچىيىپ، بىر ئاجىزلىشىپ، ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، «دىخان، ئورۇمچى، قورۇلۇشى» دىگەن سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلساق، بۇ سۆزلەر تەبىئىي ھالدا ئاغزىمىزدىن «دى - خان، ئو - رۇم - چى، قو - رۇ - لۇ - شى» بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.

> سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تەبىئىي ھالدا ئۈزۈلۈپ [illegible]لغان تاۋۇش تۈپى ياكى تاۋۇش بوغۇم دىيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇش بوغۇم مەركىزى بولىدۇ، يەنى سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ. ھەر بىر بوغۇمدا بىردىن سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. بوغۇملاردا تاۋۇشلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز دىگەندە بىر (سوزۇق تاۋۇش)، كۆپ دىگەندە تۆت (بىرى سوزۇق تاۋۇش، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇش) بولىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ (بىر تاۋۇش)، ئاي (ئىككى تاۋۇش)، سەن (ئۈچ تاۋۇش)، خەلق (تۆت تاۋۇش)

## 11 · § · بوغۇم تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى بوغۇملارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىر بوغۇملۇق سۆزلەر، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر.

بىرلا بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر بىر بوغۇملۇق سۆزلەر دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: مەن، كۆپ، تاغ، قەاب، ئۆيت

ئىككىدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ۋەتەن، سۆزلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ تۈرلەنمەي تۇرغاندىكى بوغۇم تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. بىر سوزۇق تاۋۇش ئايرىم بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئۆ - گەن، ئا - تا، قا - ئى - دە

2. بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئات، ئۆي، ئال - ما

3. بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىر سوزۇق تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: قا - چا، مە - ۋە، سە - يا

4. بىر ئۈزۈك، بىر سوزۇق، بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: كۆر ـ سەت، قال ـ دۇر، قوي، نان

5. بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئەرز، ئېيت، ئۈست، ئاست

6. بىر سوزۇق تاۋۇش، ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش بىرىكىپ بىر بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: خەلق، دوست، دەۋر، مەشق

سوزۇق تاۋۇش ئۈچۈن «A» نى، ئۈزۈك تاۋۇش ئۈچۈن «B» نى شەرتلىك بەلگە قىلىپ ئالغاندا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بوغۇم تۈزۈلۈش شەكلىنى مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

1. A

2. BA

3. AB

4. BAB

5. BBA

6. BBAB

19 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بوغۇملارنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە ( - ) قويۇپ، دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈڭلار.

ۋىجدانلىق، مىللەت، ئىشتىياق، ئورۇنلاشتۇرۇش، ماشىنىسازلىق، زامانىۋىلاشقان، ئوقۇۋېتىپ، قەست، ئېنىق، ماقالىسى، ئىمكانىيەت

20 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ھەر بىر سۆزدە نەچچىدىن بوغۇم بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

گۈۋەجەپ ئۆركەشلىنىپ ئېرىق ـ ئۆستەڭ،
كۆكلەمنىڭ نەغمىسىگە ئۇن قېتىشتى.
ئۇپۇققا تۇتاش كەتكەن ئېتىز ـ قىرلار،
ياپ ـ يېشىل مايسىلاردىن تون كىيىشتى.
(ئابلىمىت سادىق)

## 12 ـ §. بوغۇم تۈرى

ئۇيغۇر تىلىدا بەزى بوغۇملارنىڭ ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن، بەزى بوغۇملارنىڭ ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بولىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئا ـ ئى ـ لە، مۇ ـ زا ـ كىرە، ئو ـ قۇ ـ غۇ ـ چى.

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇملار يې- پىق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: يول ـ داش، كەت ـ مەن، مەك ـ تەپ

ئەسكەرتىش:

ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇمنىڭ چېگرىسى ھەممە سۆزلەردە، ھەممە ۋاقىت تۇراقلىق بولۇۋەرمەيدۇ. تۈپ سۆزلەرگە قو- شۇمچە قوشۇپ تۈرلىگەندە، تۈپ سۆزلەرنىڭ بوغۇم چېگرى- سىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. بولۇپمۇ يېپىق بوغۇملۇق

سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر قوشۇلغاندا، ئەسلىدە ئالدىنقى بوغۇمغا تەۋە بولغان ئۈزۈك تاۋۇش تۇرلەنگەندىن كېيىن، كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

پىكىر + ى = پىكرى ئىقتىسات + ى = ئىقتىسادى

ۋەتەن + ىم = ۋەتىنىم بار + ىمەن = بارىمەن

21 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بوغۇملارغا ئايرىپ كۆچۈرۈڭلار، ئوچۇق بوغۇملارغا بىر سىزىق، يېپىق بوغۇملارغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

بۇغداي، قەلەم، ئاچا، بولقا، ئەخلاق، كىشى، ماشىنا، قەلئە، ئىبراھىم

22 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمغا قاراپ، ئوچۇق بوغۇملۇق ۋە يېپىق بوغۇملۇقلارغا ئاجرىتىڭلار (ئوچۇق بوغۇملۇق سۆزلەرنى دەپتىرىڭلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرنى سول تەرىپىگە يېزىڭلار).

دوست، غەلىبە، ياڭاق، دەپتەر، ئەينۇلا، رادىيو، داستىخان، ئۆلكە، شەھەر، يولىۋرۇق، بۇلبۇل، چېچەك، باغ، پاختا، ھەرە، ئانار، ئاكا، ئاقسۇ، كەسلەنچۈك، ئۈنئالغۇ، تېچلىق

23 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە يېنىدىكى قوشۇمچىلەرنى قوشۇڭلار، تۇرلەنگەندىن كېيىن سۆزنىڭ بوغۇم چېگرىسىدا قانداق ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

يۈرەك + ىم كۆرسەت + ىپ

دوست+ۇم تەركىپ+ى

سۆيۈر+ۈۋاتقان سۆز+ىمىز

قوغۇن+لۇق ئەمگەك+چى

ئائىلە+سى ئوقۇش+ى

ئۈلگە: كۆرسەت+ىپ=كۆرسىتىپ

## 13-§. ئۇرغۇ

كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىرخىل تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ. ئۇلاردىن بىرى باشقىلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئالما، شەھەر، تەتقىقات» دېگەن سۆزلەردە ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش كۈچلۈكرەك ئېيتىلىدۇ. «مۇئامىلە، ئىمارەت، جاپاكەش» دېگەن سۆزلەردە بولسا، ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلار باشقا بوغۇملاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئېيتىلىدۇ.

> كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدىكى مەلۇم بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ كۈچلۈكرەك ئېيتىلىشى ئۇرغۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇ سۆز ئۇرغۇسى ۋە جۈملە ئۇرغۇسى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇرغۇ توغرىسىدا توختالغاندا، بىز، ئاساسەن، سۆز ئۇرغۇسىنى كۆزدە تۇتىمىز.

ئومۇمى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە ئۇرغۇ كۆپ ھاللاردا سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ.

مەسىلەن: بالا، قىشلاق، يېزا، شەھەر، ھەركەت، مەك-تەپ، قۇرۇلۇش، ئىشلەپچىقىرىش

ئۇرغۇ ھەممە ۋاقىت تۇراقلىق بولۇۋەرمەيدۇ. سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئۇرغۇ قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا كۆچىدۇ.

مەسىلەن: يولداش — يولداشلار، يولداشلارغا

ئىشچى — ئىشچىلىق، ئىشچىلىقتىن، ئىشچىلىققا

زامان — زامانە، زامانىۋى، زامانىۋىلاشتۇرۇش

ئۇرغۇ فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشى ئوخشاش بەزى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن:

ئاچا (ئاچماق ياغاچ) ئاچا (ھەدە)

ياما (كىيىمنى ياما) ياما (قوناق يامىسى)

چاۋا (ئۇششاق ئوتۇن) چاۋا (ئىچ ماي)

ئارا (ئوتتۇرا) ئارا (دېخانچىلىق قورالى)

بالا (كىچىك بالا) بالا (بالا-قازا)

24. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقاللارنى ئوقۇغلار، ئۇرغۇلۇق بوغۇملارنىڭ ئۈستىگە ئۇرغۇ بەلگىسى (ˈ) نى قويۇڭلار.

1. ئاچا تارتمىغىچە، ھالاۋەت يوق. 2. ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا. 3. قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە. 4. ئۆيدىكى ھساپ تالاغا

توغرا كەلمەيتۇ. 5. ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق (ماقال).

## 14-§. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى

1. قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزنىڭ شۇ قۇرغا پاتماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە بۆلۈپ كۆچۈرۈلىدۇ، بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئىش- ئىشلەپ- ئىشلەپچى-
قىرىش چىقىرىش لەپچىقىرىش

2. رەقەم بىلەن يېزىلغان ساناق سانلار ۋە تەرتىپ (دەرىجە) سانلار قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالسا، ئۇلارنى پارچىلاپ كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ.

مەسىلەن: 1984 - يىل (19- 84 - يىل ئەمەس).

12564 جىڭ (12- 564 جىڭ ئەمەس)

3. باش ھەرپلىرى ئېلىنىپ قىسقارتىلغان قىسقارتىلما سۆزلەرنى ئىككىنچى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن: ب د ت نىڭ باش كاتىۋى (ب د- ت نىڭ باش كاتىۋى ئەمەس)

3. بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا بۆلۈپ

كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ.

مەسىلەن: خەلق (خە - / لق ئەمەس)

شەرت (شە - / رت ئەمەس)

4. جۈپ سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا كۆچۈرگەندە، بىرىنـ
چى قۇرنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە قويۇلغانلىقتىن، ئىككىنچى
قۇرنىڭ بېشىغا سىزىقچە قويۇلمايدۇ.

مەسىلەن، ئىلىم - پەن (ئىلىم - / - پەن ئەمەس)

تاراق - تۇرۇق (تاراق - / - تۇرۇق ئەمەس)

**25 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا
كۆچۈرۈشكە بولىدىغان بوغۇملىرى بويىچە ئايرىپ كۆچۈ -
رۈڭلار.

مەملىكىتىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرت، ئاتىكاچا، 196 -
قورا، ھەرپ، ئىگىز - پەس، سىتۋالدى، ج خ ئىدارىسى،
مەنپەئەتى، نۇقتىئىنەزەر، پاسسىپلىق، ش ج ئا د ئىتتىپاقى
(شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى)

# لېكسىكا

## 15-§. لۇغەت تەركىۋى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

> بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لۇغەت تەركىۋى ياكى لېكسىكا دېيىلىدۇ. لۇغەت تەركىۋى بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىغىدۇر.

لۇغەت تەركىۋىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇنىڭغا تىلىمىزدا قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان سۆزلەر (ئاتا، تىل، چىش، سۇ، نان، يەر، تاغ، كالا، كۆك، ئال، بەر...)، ھازىرقى ۋاقىتتا جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان سۆزلەر (كوللىكتىپلىشىش، ھاۋا رايى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، قوشۇمچە قىممەت، قالدۇرۇق يەر، ئۈنۈملۈك)، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر (زۆرلى، شۇجى، كومىتېت، دىكتاتۇرا، مىنىستىر)، دىئالېكىت* سۆزلەر (يەرلىك شىۋە) (تەلپەك — تۇماق، شانا — گىلەمنىڭ ئۆرۈش يىپى، خارەت — ياغاچچى، ئايلا — ھەدە، يامداق — سۈپۈرگە) ھەمدە كونىراپ ئىستېمالدىن قېپقالغان سۆزلەر (يېڭغا — ئۇرۇش، يۈز بېشى، مىڭبېگى، تالىپ، مۇدەررىس، مىراپ) قاتارلىقلار كىرىدۇ.

---

* دىئالېكىت (يەرلىك شىۋە) — مەلۇم رايونلاردىلا قوللىنىلىدىغان، مىللىي ئورتاق تىلدا كەڭ قوللىنىلمايدىغان سۆزلەر دىئالېكىت سۆزلەر (يەرلىك شىۋە) دېيىلىدۇ.

لۇغەت تەركىۋىنىڭ تىلنىڭ گىرامماتىكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ. لۇغەت تەركىۋىسىز ھەر-قانداق بىر تىلنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئۆزىنى ئېيتى تىل دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى سوزلەرنىڭ ئاددى ئىزچىللىقى (يەككە سۆزلەر) بىلەن مەق-سەتنى ئۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، «تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى» دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش تەرتىۋىنى بۇزۇپ، «تىل مۇھىم ئەڭ ئىنسانلار-نىڭ قورالى ئالاقە» دېسەك، بۇنىڭدىن ھېچقانداق مەنە ئۇقۇلمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك جۈملىدىكى سۆزلەرنى گىرامماتى-كىلىق جەھەتتىن باغلاپ تۇرۇۋاتقان ئامىللارنى (لار، نىڭ، ى) چىقىرىپ تاشلاپ، «تىل — ئىنسان ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورال» دېسەك، بۇ، يەككە سۆزلەرنىڭ تىزمىسىغا ئايلىنىدۇ-دە، جۈملە باغلانمىغان، ئوي-پىكىر ئۇقۇلمىغان بولىدۇ.

دېمەك، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى، تىل گىرامماتىكىسى-نىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن مۇكەممەل بىر-تىل شەكلىگە كىرىدۇ. بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى بىلەن گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى شۇ تىلنىڭ ئاساسى ھىساپلىنىدۇ ۋە ئۇ تىلنى باشقا تىللاردىن پەرقلەندۈرىدۇ.

### 16 - §. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى

لۇغەت تەركىۋى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئاساسي لۇغەت تەركىۋى

> لۇغەت تەركىۋى ئىچىدىكى ئەڭ تۇراقلىق، ئەڭ پۇختا ۋە يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدىغان سۆزلەر ئاساسي لۇغەت تەركىۋى دېيىلىدۇ.

ئاساسي لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولىدۇ، ئاساس بولىدۇ. ئالاقە ئىشلىرىدا دائىملىق قوللىنىلىدۇ ۋە يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدۇ. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلىۋاتقان، نىسبەتەن تۇراقلىق سۆزلەردۇر. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر كىرىدۇ:

1) شەيئى نامىلىرى: تاغ، سۇ، ئاي، هاۋا...

2) ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ئاتلىرى: باش، كۆز، قول، بۇرۇن...

3) ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ئاتلىرى: كەكە، كەتمەن، كۈرەك، ئوغاق...

4) تۇققانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: دادا، ئانا، ئاكا، ئۇكا، ئاچا، سىڭىل...

5) تۇرمۇشتىكى نەرسىلەرنىڭ ئاتلىرى: ئۆي، كىيىم، ئاش، گۆش، چىنە، پىچاق...

6) ئۆسۈملۈك ۋە هايۋانات ئاتلىرى: دەرەخ، بۇغداي، پاختا، زىغىر، ئات، قوي، يولۋاس، تۈلكە...

7) هەركەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ئال، ياز، بەر،

ماڭ، كەت، تۇر، قال...

8) شەيئى بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ياخشى، گۈزەل، قىزىل، كەڭ، ئېگىز، كىچىك...

9) ۋاقىت ھەم ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بۈگۈن، كەچ، ياز، قىش، يۇقىرى، تۆۋەن، ئالدى، كەينى...

10) ساننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بىر، سەككىز، يۈز، بىر مىڭ بەش يۈز...

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۇرمۇشتا دائىم قوللىنىلىدىغان ئالماشلار (مەن، سەن، ئۇ...)، ياردەمچىلەر (ۋە، ھەم، لېكىن، چۈنكى...)، ئىملىقلار (پاژ - پۇژ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ...)، ئۈندەشلەر (ئېھ، ئاھ، ئۇھ، ۋاي...) مۇ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ.

## 2. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى

تىلىمىزدىكى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن باشقا بارلىق سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە خەلق ئاممىسى بىردەك چۈشىنىپ كېتەلەيدىغان، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاز قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت، تەلىمات، ئىدراك، ئوبيېكتىپ، ئۇلۇغۋار، مۇقەددەس...)، ئىلىم - پەن ئاتالغۇلىرى (ماتېماتىكا، ئوكسىگور، ماتېرىيالىزم، ھىدروگېن، ماسا، لوگارىفما، قوشۇمچە قىممەت، ئېكۋاتور...)، يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان سۆزلەر (سۇنئىي ھەمراھ، زامانىۋىلىشىش، مەنىۋى

بۇلغىنىش، زەربىدارلار...)، باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر (ئاخبارات، تەرتىپ، نامزات، سۇلياۋ، ئېكىسكۇرسىيە، ئوپېرا، بانكا، ئاۋانگارت...) ۋە ھەرقايسى كەسىپ، ھۈنەر ساھەسىدە مەخسۇس قوللىنىلىدىغان سۆزلەر، كونىرىغان، ئېھتىياجىدىن قالغان سۆزلەر، دىئالېكت سۆزلەر كىرىدۇ.

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى نىسبەتەن تۇراقسىز بولىدۇ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئىقتىسات ۋە پەن-مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تىلىمىزدا بارلىققا كەلگەن يېڭى سۆزلەر ئالدى بىلەن ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ. لۇغەت تەركىۋى ئىچىدە ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سۆزلەر ئاز، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سۆزلەر كۆپ بولىدۇ.

26 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە ئۈلگىدە كۆرسىتىلگەندەك قىلىپ، ھەربىر گۇرۇپپىغا شۇ مەزمۇننى بىلدۈرىدىغان 5 تىن سۆز يېزىڭلار.

1) ئۇچار- قاناتلارنىڭ ئاتلىرى:

2) ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئاتلىرى:

3) زىرائەتلەرنىڭ ئاتلىرى:

4) مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئاتلىرى:

5) گۈللەرنىڭ ئاتلىرى:

ئۈلگە:

قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئاتلىرى: ئاپتوموبىل، ئايروپىلان، پويىز، ۋېلسىپىت، هارۋا

27 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى كۆنۈكمىنى يۇقۇرىدىكى كۆنۈكمىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىشلەڭلار.

1) ئوقۇش قوراللىرى:

2) دىخانچىلىق سايمانلىرى؛
3) ئۆي ھايۋانلىرى؛
4) ئۆي سەرەمجانلىرى؛
5) كۆكتاتلار (ئوتياشلار)؛

28 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بىلىدىغان ئىلىم - پەن ئاتالغۇلىرىدىن 10 نى يېزىپ كېلىڭلار.

## 17 - §. چۈشەنچە ۋە سۆز

كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىق تەبىئەتتىكى خىلمۇ - خىل شەيئىلەر، ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچە (ئۇقۇم) ھاسىل قىلىدۇ. بۇ چۈشەنچىلەر تىلدا بەلگىلىك تىل شەكلى — سۆز ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «قەلەم» دېسەك، بۇ، خەت يېزىشتا قوللىنىلىدىغان مېتال ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان يېزىش ئەسۋاۋى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سىيا دېسەك، خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى بىلدۈرىدۇ.

> ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا كىشى مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئۇقۇم چۈشەنچە دەپ ئاتىلىدۇ. چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

چۈشەنچە بىلەن سۆز بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس. چۈشەنچە بىلەن سۆزنىڭ

پەرقىنى تۈۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

1. ھەرقانداق چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن ھەممىلا سۆزلەر بىردىن چۈشەنچىنى ئىپادە قىلىپ بېرىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇنداش سۆزلەر، باغلىغۇچىلار ۋە ئۇلانمىلار گەرچە سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدا بىرەر ئۇقۇمنى بىلدۈرەلمەيدۇ.

2. بىر چۈشەنچە ھەرقاچان بىرلا سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنىۋەرمەيدۇ، بەلكى بەزى چۈشەنچىلەر ئىككى ياكى ئۇ-نىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «قىزىلگۈل» — بىرلا چۈشەنچىنى (گۈلنىڭ بىر خىلىنى) بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئۇ ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. «تۆمۈريول، ئاشتاختا، تاجىخوراز، ئىزباسار، ئاددى-ساددا» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ شۇنداق.

3. بىر سۆز بىرلا چۈشەنچىنى ئەمەس، بەلكى بەزى سۆزلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «قارا» دېگەن سۆز جۈملىدىكى ئور-نىغا قاراپ، ھەم رەڭ، ھەم ماتەم، ھەم پالاكەت بېسىش، ھەم گۇمان، چۈشۈش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «چاي» دېگەن سۆز جۈملىدىكى مەنىسىگە قاراپ، ھەم چاي ئۆسۈملۈكى، ھەم قۇرۇتۇلغان، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن چاي، ھەم دەملەنگەن چاي، ھەم زىياپەت دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

## 18 -§. سۆز ۋە سۆز مەنىسى

### 1. سۆز

سۆز بەلگىلىك بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەرقانداق بىر سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەنە بەلگىلىك بىر شەيئى، بەلگىلىك بىر ھادىسە ياكى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

مەسىلەن: ياغاچ، تۆمۈر، سۇ، توپا (شەيئىلەرنىڭ ناملىرى)، شامال، چاقماق، قار (تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ناملىرى)، كۆك، يوغان، ئىگىز، يورۇق (شەيئى بەلگىلىرى) ۋە باشقىلار.

**ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدا بەلگىلىك بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.**

سۆز جۈملىنىڭ ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭسىز جۈملە تۈزگىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق جۈملە سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك قائىدە بويىچە بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: تاڭ ئاتتى. (ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن) كۈن قىزىرىپ چىقتى. (ئۈچ سۆزدىن تۈزۈلگەن) تاڭ شامىلى لەرزان ئۇرۇپ تۇرماقتا. (5 سۆزدىن تۈزۈلگەن)

سۆز ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جۈملىدە تۈرلۈك ئورۇنلاردا تۈرلۈك ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ.

مەسىلەن: ۋەتەن — بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىز. (ۋەتەن — ئىگە بولۇپ كەلگەن) بىز ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز. (ۋەتەننى —

تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن) بىر ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس نەرسە — ۋەتەن. (ۋەتەن — خەۋەر بولۇپ كەلگەن). بىر — ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈمىتلىرى. (ۋەتەن — ئىنقىلابغۇچى بولۇپ كەلگەن).

## 2. سۆز شەكلى

سۆز تاۋۇشتىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: ئۈ (بىر تاۋۇش)، ئاي (ئىككى تاۋۇش)، كۆز (ئۈچ تاۋۇش)، مىۋە (تۆت تاۋۇش)، كىتاپ (بەش تاۋۇش)، تەنقىت (ئالتە تاۋۇش)

لېكىن تاۋۇشلارنىڭ قالايمىقان بىرىكمىسىنى سۆز دېگىلى بولمايدۇ. تاۋۇشلار بەلگىلىك بىر شەكىل ئارقىلىق مەلۇم بىر مەنىنى ئۇقتۇرغاندا، ئاندىن سۆز بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

سۆزنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشى ئۇنىڭ شەكلى دېيىلىدۇ.

سۆز شەكلى بىلەن شۇ شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئايرىۋېتىلسە، سۆزنىڭ رولى يوقىلىدۇ.

مەسىلەن: «ئاق، ئۆي» دېگەن سۆزلەر ئىككىدىن تاۋۇشتىن، «قارا، سىيا» دېگەن سۆزلەر تۆتتىن تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن. ئۇلارنى تاۋۇشلار بويىچە ئايرىۋەتكەندە، سۆز شەكلى بۇزۇلىدۇ-دە، ھېچقانداق مەنە ئۇقتۇرالمايدۇ. دېمەك، بىر تىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۆز شەكلى بىلەن سۆز مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تۇراقلىق بولىدۇ.

## 3. سۆز مەنىسى

سۆز مەلۇم مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، «ئىشچى، دىخان، زىيالى» دىگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى باشقا - باشقا بولۇپ، ئوخشىمىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچى خەلقنى بىلدۈرىدۇ. «ئەمگەكچى» دىمەك، بۇ سۆزنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى يۇقۇرىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىنمۇ كەڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ئەمگىكى بىلەن جەمىيەت ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتقۇچى كىشىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «ئوقۇغۇچى» دىمەك، بۇ سۆز مەكتەپلەردە ئوقۇش - بىلىم ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئۇقۇم سۆز مەنىسى دىيىلىدۇ.**

ھەرقانداق سۆزدە ئىپادە قىلىنغان مەنە بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «دەپتەر» خەت يازىدىغان تۈپلەنگەن قەغەز، «ئوقۇتقۇچى» ئۆگەتكۈچى ياكى ئۇستاز، «ئۈزۈم» مېۋىنىڭ بىر تۈرى، «رەخت» پاختا، يۇڭ، يىپەك ياكى سۈنئى تالا قاتارلىقلاردىن توقۇلغان گەزلىمە، «چىلەك» سۇيۇق نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان قاچا ۋە باشقىلار.

**29 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار، ئۇلاردا ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدا قانداق ئۇقۇمنىڭ ئىپادە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كىتاپ، دەرسلىك، ماتېرىيال، ژۇرنال، چىمەنلىك، ئەتىياز، مەيدانلاشتۇرۇش.

30 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى سېلىشتۇرۇڭلار، سۆزلەرنىڭ شەكلىدىكى پەرقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

| | |
|---|---|
| تېز | تىز |
| قەتئىي | قەددى |
| چىن | چاڭ |
| كايىش | كاھىش |
| ئەدىبىر | ئەبىر |
| ئەتقىق | ئەتىبىق |

31 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە شۇ ئاساستا پۈتۈن پارچىنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ھايات. ئۇ ھەر بىر ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ھاياتنى شۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەككى، ئۇ ئۆتمۈشنى ئەسلىگەندە ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن پۇشايمان يەپ ئولتۇرمىسۇن، تۇرمۇشنى مەنىسىز ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ ئولتۇرمىسۇن، جان ئۈزۈش ئالدىدا «پۈتۈن ھاياتىم ۋە زېھنىمنى دۇنيا بويىچە ئەڭ سەلتەنەتلىك ئىشقا — پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئازاتلىقى يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدىم» دېگەن سۆزنى قىلالىسۇن.

(«پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىن)

## 19-§. سۆزنىڭ كونكرېت (ئېنىق) ھەم ئابستراكت (ئومۇمى) مەنىسى

سۆز ھەم كونكرېت ئۇقۇمنى، ھەم ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «زىرائەت» دېگەن سۆز ئۇقۇم جەھەتتىن دانلىق زىرائەت، مايلىق زىرائەت ھەمدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ھالدا «زىرائەت» سۆزى ئابستراكت ئۇقۇمنى، زىرائەتنىڭ تۈرلىرى، يەنى «دانلىق زىرائەت، مايلىق زىرائەت ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت» دېگەن سۆزلەر كونكرېت (ئېنىق) ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما بىز «دانلىق زىرائەت» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ، «زىرائەت» دېگەن سۆزگە نىسبەتەن كونكرېت ئۇقۇمنى بىلدۈرگىنى بىلەن، دانلىق زىرائەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە (بۇغداي، شال، قوناق، تېرىق...) نىسبەتەن ئومۇمى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. «بۇغداي» دېگەن سۆز «دانلىق زىرائەت» دېگەن سۆزگە نىسبەتەن كونكرېت ئۇقۇمنى بىلدۈرگىنى بىلەن، بۇغداينىڭ ھەرخىل تۈرلىرى (سورتلىرى) غا نىسبەتەن ئومۇمى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

**سۆزنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر بىلەن بولغان بىۋاستە باغلىنىشىدىن ئىپادىلەنگەن مەنىسى كونكرېت مەنە دەپ ئاتىلىدۇ.**

سۆزنىڭ بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇ-رۇپ ئىپادە قىلغان مەنىسى ئابستراكىت مەنە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەملەر، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، تەبىئەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەر، ھادىسىلەر ھەققىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھەم كونكرېت ئۇقۇمنى، ھەم ئابستراكىت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. لېنىن: «ھەرقانداق سۆز (ئۇتۇق) ئابستراكتسىيىلەشكەن بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

مەسىلەن: «جوزا» دېسەك، بۇ سۆز چاسا جوزىنىمۇ، دۈگىلەك جوزىنىمۇ، ئۇزۇنچاق جوزىنىمۇ، ئومۇمەن، جوزىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى بىلدۈرىدۇ. «ئۆي» دېسەك، چوڭ ئۆي، كىچىك ئۆي، زامانىۋى ئۆي، ئادەتتىكى ئۆي، ئومۇمەن، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆينى ئىپادىلەيدۇ. «تاماق يېدۇق» دېسەك، بۇ يەردە ئېيتىلغان تاماق تۈرلۈك پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ، تاماقنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىي نەزەر، تاماقنىڭ بارلىق خىللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ.

سۆزلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى كەڭرەك، بەزى سۆزلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى تارراق بولىدۇ.

مەسىلەن: «سىيىر» (ئىنەك)، «ھۆكۈز» دېگەن سۆزلەر ئومۇمى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما «كالا» دېگەن سۆزنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى «سىيىر» ھەم «ھۆكۈز» دې-گەن سۆزلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىدىن كەڭ.

مۇرەككەپ، چوڭقۇر ئوي - پىكىرلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ.

مەسىلەن: ئەخلاق، ئۇسۇل، ئادەت، مەسىيات، تەرەققىيات، ئىجتىمائى ۋە باشقىلار.

32 - كۆنۈكمە: ئوڭ تەرەپتىكى سۆزلەر بىلەن سول تەرەپتىكى سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى سېلىشتۇرۇڭلار.

تاغ — تيانشان تېغى

شەھەر — قەشقەر شەھىرى

دەريا — تارىم دەرياسى

زىرائەت — بۇغداي

ھايۋان — قوي

رەڭ — قىزىل

گۈل — ھەشقىپىچەك

دەرسلىك — ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى

33 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ كونكرېت مەنىسى بىلەن ئومۇمى مەنىسىنى يېزىڭلار.

1) دەرەخ

2) كىيىم

3) يول

4) مايلىق زىرائەت

34 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار 3 سۆز يېزىپ، ئۇنىڭ كونكرېت مەنىسى بىلەن ئومۇمى مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

## 20 - §. سۆزنىڭ ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىسى

سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن باشقا كۆچمە مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ. سۆزلەر جۈملە ياكى نۇتۇقتا ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەنىسىنى ئىپادىلىسە، بۇ ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى بولىدۇ.

مەسىلەن: «تۈلكە» ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ جۈملىدىكى «تۈلكە» دېگەن سۆز ئەسلى مەنىسىدە قوللىنىلغان بولىدۇ. ئەمما سۆزلەر ئۆزى ئاڭلاتقان شەيئى ياكى ئۇنىڭ بەلگىلىرىدىن قەتئىي نەزەر، باشقا خىل مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ. «ئۇ — تۈلكە ئادەم» دېسەك، بۇنىڭدا تۈلكىنىڭ سۈپىتى (قۇۋلۇق-ھىلىگەرلىك) ئادەمگە كۆچۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇ يەردە «تۈلكە» دېگەن سۆز ئەسلى مەنىسىنى ساقلىغانىدىن ناشقىرى، قۇۋ-ھىلىگەر دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولىدۇ ھەمدە قوللىنىلىش ئوبيېكتى ھايۋانغا ئەمەس، ئادەمگە قارىتىلغان بولىدۇ.

ئوبيېكتىپ شەيئى توغرىسىدىكى ئۇقۇمنىڭ سۆزدە بىۋاستە ئىپادىلىنىشى ياكى بەلگىلىك فونېتىكىلىق شەكىل بىلەن مۇئەييەن ئۇقۇمنىڭ بىۋاستە باغلىنىشى سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى دېيىلىدۇ.

«ئاچقۇچ» دېگەن سۆز قۇلۇپنى ئاچىدىغان ئەسۋابنى بىلدۈرىدۇ. بۇ — ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى، بۇ سۆزنى بىر

ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن باشقا مەنىدىمۇ قوللىنىمىز. «ئاچقۇچ رەھبەرلىكتە» دېسەك، بۇ يەردە ئاچقۇچنىڭ قۇلۇپنى ئېچىشتىكى رولى، ھەر خىل خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رەھبەرلىكنىڭ باشلامچىلىق رولىغا كۆچۈرۈلگەن بولىدۇ.

**ئاۋالقى ئۇقۇمنىڭ بىرەر ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان يېڭى مەنىسى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دېيىلىدۇ.**

«بوخچا» ياكى «بوپا» دېگەن سۆز ئەسلىدە يۆگەلگەن نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن كىشىلەر ئىدىيىۋى يۈكنى «بوخچا» ياكى «بوپا» دەيدۇ. «قورال» دېگەن سۆز ئەسلىدە ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان ئەسۋاپنى بىلدۈرىدۇ. كىشىلەر بۇ سۆزنى كۆچمە مەنىدىمۇ قوللىنىدۇ، يەنى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى نەزەرىيىۋى قورال دەيدۇ.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئەسلىدىكى مەنىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئاۋالقى ئۇقۇمنىڭ بىرەر خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن يېڭى ئۇقۇمنى ئىپادە قىلىش دېمەكتۇر. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى شەيئى ياكى ئۇنىڭ بەلگىلىرىنى تەسۋىرىي جەھەتتىن ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**35-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن قايسىلىرىنىڭ ئەسلى مەنىدە، قايسىلىرىنىڭ كۆچمە مەنىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. قورالليق بىر جەڭچى پوستتا تۇراتتى. 2. بىر ماركسىزىمدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك ئىدىيۋى قورالغا ئىگە. 3. ئەكبەر گەپنىڭ مېغىزىنى دىدى. 4. خاسىڭ مېغىزىدىن ياغ چىقىدۇ. 5. بىزنىڭ يېزىدىكى بۇلاقتىن سۈپ-سۈزۈك سۇ چىقىپ تۇرىدۇ. 6. مەكتەپ بىلىم بۇلىغىدۇر. 7. مەن توختىنى يولدا ئۇچراتتىم. 8. بۇ مەسىلىنىڭ ئىككى خىل يېشىلىش يولى بار. 9. تۈپ-تۈز يولدا ماشىنىلار غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. 10. بىز سوتسىيالىزىم يولىدا قەتئى ماڭىمىز.

36-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئەسلى مەنىسىدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، كۆچمە مەنىدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن، كۆچمە مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئېيتىپ بېرىڭلار

1. مۈشۈلەرنىڭ ئالدى بازارغا كىردى. 2. ئەمگەك مۆيسىنى ئاسراش كېرەك. 3. بۆركۈت قانىتىنى كېرىپ ئۇچۇپ كەتتى. 4. مەدەنىيەتلىك-ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى قانات يېيىپ كەتتى. 5. تىلىم قىزىرىپ قاپتۇ. 6. ساۋۇت ماشىنىنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلىدۇ. 7. ئەخمەتنىڭ ئانىسى دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ. 8. بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىمىز — جۇڭگو.

37-كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بىرنەچچە جۈملە تۈزۈڭلار، ئۇ جۈملىلەردە ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىلەردە كەلگەن سۆزلەر بولسۇن.

## 21-§. بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

سۆزلەر، كۆپىنچە، كۆپ مەنىلىك بولىدۇ. لېكىن بىر مەنىلىك يەنى بىرلا مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەرمۇ بار. بۇنداق سۆزلەر، ئاساسەن، پەن. تېخنىكا ئاتالغۇلىرى (تېرمىنلار)، خاس ئىسىملار، چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ۋە يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان سۆزلەردۇر.

مەسىلەن: «بوتانىكا، فورمۇلا، كۆئېففىتسېنت، خوتەن، سۇنئىي ھەمرا، ئالەم كېمىسى، ئۇنىتالغۇ

ئوبيېكتىپ شەيئى، ھادىسىلەر توغرىسىدا بىرلا ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى خېلى كۆپ سۆزلەر بىر ئاساسىي مەنىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «باش» — ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بېشى (ئەسلى مەنىسى)، بۇ سۆز تۈرلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدە تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

باش ۋەزىپە — مۇھىم، ئاساسىي ۋەزىپە
باش بولۇش — باشلامچىلىق قىلىش
باش كۆتۈرۈش — قەد كۆتۈرۈش
باش قوشۇش — مەسلىھەتلىشىش، پىكىرلىشىش
باش ئېگىش — يېڭىلىش، بوي سۇنۇش

سۇنىڭ بېشى — سۇنىڭ باشلىنىدىغان ئورنى

ئىشنىڭ بېشى — ئىشنىڭ باشلانغان نۇقتىسى

> بىر ئاساسىي مەنىلىك ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاساسىي مەنە بولۇپ، باشقا مەنىلىرى شۇ مەنە ئاساسىدا كېلىپ چىققان قوشۇمچە مەنە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

سۆزلەرنىڭ كۆپ خىل مەنىدە قوللىنىلىشى يالغۇز ئىسىملار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى كۆپ خىل مەنىدە كېلىدۇ. تۆۋەندە ئوچۇق (سۈپەت)، سال (پېئىل)، كۆپ (رەۋىش) دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى بىلەن كۆپ خىل مەنىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئوچۇق — ئىشىك ئوچۇق (ئەسلى مەنىسى)

ھاۋا ئوچۇق — ھاۋادا بۇلۇت يوق

قولى ئوچۇق — مەرت، سېخى

چىرايى ئوچۇق — خۇشال، خۇش خۇي ۋە باشقىلار

سال — ساندۇققا سېلىش (ئەسلى مەنىسى)

ئۆي سېلىش — ئۆي ياساش

ئورۇق سېلىش — ئورۇق چېچىش ياكى سېپىش

قولاق سېلىش — ئاڭلاش ياكى تىڭشاش

سەپسېلىش — دىققەت بىلەن قاراش

گەپكە سېلىش — سۆزلىتىش

بازارغا سېلىش ــ بازاردا كۆرسىتىش ۋە باشقىلار.

كۆپ ــ ئادەم كۆپ ــ ئادەم نۇرغۇن (ئەسلى مەنىسى)، ئىش كۆپ، مەبلەغ كۆپ، گەپ كۆپ، تاپشۇرۇق كۆپ، ۋەزىپە كۆپ، ھەركەت كۆپ ۋە باشقىلار.

38 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار ئويلاپ بىر مەنىلىك سۆزدىن 10 نى يېزىڭلار.

39 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، كۆپ خىل مەنىدە كەلگەن سۆزلەر بار جۈملىلەرنى رەتلەپ كۆچۈرۈڭلار.

1. جاراھەت ئېغىز ئاچتى. 2. ئۇنىڭ سىرى ئېچىلدى. 3. بۇ قۇتىنىڭ ئاغزى مايماق ئىكەن. 4. ئىشىك ئېچىلىپ الدى. 5. مەشىنىڭ ئاغزىنى يېپىۋەت. 6. خەتنى رېزىنكە ملەن ئۆچەردىم. 7. ئورنىنىڭ ئاغزى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. 8. مەجلىس ئېچىلدى. 9. چىراقنى ئۆچۈرۈۋەت. 10. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئاچتى. 11. دوستىنى ئۆچۈرۈۋېتەيلى. 12. بىز كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدۇق.

40 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ خىل مەنىلىرىنى يېزىڭلار.

ئۇچۇق

سال (سېلىش)

باس (بېسىش)

قاتتىق

تۈزە (تۈزەش)

ئۈلگە: ئوچۇق ــ ھاۋا ئوچۇق، كۆڭلى ئوچۇق، ئۈستى ئوچۇق كان، چىرايى ئوچۇق، ئوچۇق شەھەر، ئوچۇق دەرس، ...

## 22 - §. مەنداش (سىنونىم) سۆزلەر

تىلىمىزدا تاۋۇش تۈزۈلۈشى ھەرخىل، لېكىن مەنىلىرى بىرخىل ياكى بىر بىرىگە يېقىن سۆزلەر خىلى كۆپ.

مەسىلەن: يەر ـ زېمىن ـ تۇپراق، كىشى ـ ئادەم ـ ئىنسان، باھار ـ ئەتىياز ـ كۆكلەم، ياخشى ـ ئوبدان ـ بەلەن ۋە باشقىلار.

> **شەكلى ھەر خىل، ئەمما، مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر بىرىگە يېقىن سۆزلەر مەنىلىك (سىنونىم) سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەنداش سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىگى مەنە جەھەتتىن بىر بىرىگە يېقىن. ئەمما كونكرېت قوللىنىشتا ئاز-تولا پەرق قىلىدۇ. شۇڭا بەزى مەنداش سۆزلەرنى بىرىنىڭ ئورنىدا يەنە بىرىنى قوللانغىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن: «چىڭ» بىلەن «پۇختا»، «يىلتىز» بىلەن «تومۇر»، «ئىگىز» بىلەن «ئۇستۇن» دىگەن سۆزلەر مەنداش سۆزلەردۇر. لېكىن «ئۆز پەكرىدە چىڭ تۇردى» دىگەن جۈملىنى «ئۆز پىكرىدە پۇختا تۇردى» دىسەك بولمايدۇ. «ئىگىز ئادەم، ئىگىز بىنا» دىسەك بولىدۇ؛ ئەمما «ئۇستۇن ئادەم، ئۇستۇن بىنا» دىسەك بولمايدۇ. يەنە «قان تومۇرى» دىيىشكە بولىدۇ، ئەمما «قان يىلتىزى» دىيىشكە بولمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ چىرايى، رەختنىڭ رەڭگى، ئارام ئالدۇق، ھاردۇق يەتتى، ئادەمنىڭ پۇتى،

دەريانىڭ ئايغى دېمىز. بۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى پايدىلىق، چۈنكى مەنىداش سۆزلەر شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بەلگە- خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرىنى سۈرەتلەشكە، ئوي- پىكىرنى ئېنىق، جانلىق ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

**41- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنى مەنىداشلىرى بويىچە ئايرىم رەتلەپ يېزىڭلار.

1. ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ- دەريالىرى ناھايىتى چىرايلىق. 2. مۇئەللىم ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلىدى. 3. شىنجاڭدا گۈزەل يايلاقلار كۆپ. 4. ئۇ كىشى يىراق يەردىن كەپتۇ. 5. بىز ئۆگىنىشتە مۇستەھكەم ئاساس ئورنىتىشىمىز لازىم. 6. ئۇ كەلگىچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ. 7. خىزمەتنى پۇختا ئىشلىشىمىز كېرەك. 8. ئەخمەت، چىداملىقراق بولساڭچۇ! 9. شەھىرىمىزدە كۆركەم بىنالار سېلىندى. 10. يولداشلار، بىرئاز تاقەت قىلىپ تۇرۇڭلار.

**42- كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭلار، مەنىداش سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ مەنىداشلىرى بويىچە رەتلەپ يېزىڭلار.

ئىلدام، تاتلىق، كۆك، تاۋۇش، ئىلگىرى، خىيال، تېز، چوڭ، تۇپراق، ئىتتىك، مەزىلىك، ساما، ئۈن، ئاسمان، لەززەتلىك، ئوي، ئاھاڭ، ئاۋال، زېمىن، پىكىر، زور، مۇقەددەم، يوغان، چېۋەر، يەر، ماھىر، مەشھۇر، ئۇستا، داڭلىق، چاپسان، ئاتاقلىق

ئۈلگە: يەر- زېمىن- تۇپراق

43. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىگىز — يۇقۇرى — ئۇستۈن

ۋەتەن — ئەل — دۆلەت

ئۆلدى — ۋاپات بولدى — قۇربان بولدى

ئىتتىك — ئۆتكۈر — تېز

### 23-§. شەكىلداش (ئومونىم) سۆزلەر

شەكىلداش سۆزلەر تاۋۇش تۈزۈلۈشى ئوخشاش، مەنىسى ئوخشىمايدىغان سۆزلەردۇر. شەكىلداش سۆزلەر بىرخىل يېزىلىدۇ ۋە بىرخىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئات (ئىسىم) — ئۆي ھايۋىنى؛ ئا (ئىسىم) — ئات قويماق، ئات (پېئىل) — مىلتىقنى ئات؛ ئوت (ئىسىم) — ئوت - چۆپ، ئوت (ئىسىم) — ئاتەش؛ كۆل (ئىسىم) — ئوتنىڭ كۆلى، كۆل (پېئىل) — كۆلەك.

> تۈزۈلۈشى، ئوقۇلۇشى ئوخشاش، ئەمما مەنە-لىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر شەكىلداش (ئومو-نىم) سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەر بىرلا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن چەك-لەنمەيدۇ، كۆپ ھاللاردا ھەرخىل سۆز تۈركۈملىرىگە كىرىدۇ. شەكىلداش سۆزلەرنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋەلىكى ئۇنىڭ مەنىسى ۋە جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى ۋەزى-

پىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ياش (ئىسىم) — كۆز يېشى، ياش (سۈپەت) — ياش ئايال؛ ئۈچ (ئىسىم) — قەلەم ئۈچ، ئۈچ (پېئىل) — ئايرۇپىلان ئۈچتى؛ ئاچ (پېئىل) — ئىشىكنى ئاچ، ئاچ (سۈپەت) — رەڭگى توق ئەمەس ۋە باشقىلار.

خەلقىمىز ئىچىدە ئۇزاق ئۆتمۈشتىن قالغان ئادەتلەر بويىچە كىشىلەرگە تەبىئەتتىكى تۈرلۈك نەرسىلەر ياكى ئۇلارنىڭ بەلگىلىرىگە قاراپ ئات (ئىسىم) قويىدىغان ئەھۋال بار. بۇنداق سۆزلەرمۇ مەنىداش سۆزلەرگە كىرىدۇ.

مەسىلەن: پالتا — ئەمگەك قورالى، پالتا — ئادەم ئىسمى؛ ئارسلان — ياۋايى ھايۋان، ئارسلان — ئادەم ئىسمى؛ ئەركىن — شەيئى سۈپىتى، ئەركىن — ئادەم ئىسمى، سىتىۋالدى — پېئىل، سىتىۋالدى — ئادەم ئىسمى ۋە باشقىلار.

44. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئېلېكتىر سىمىدىن ئوت ئۇچقۇنى كۆرۈندى. 2. قويلارغا ئوت سېلىپ بەرگىن. 3. باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئالما. 4. بۇ يىل ئالما بەك ئوخشىدى. 5. قوي يۇڭىدىن ھەر خىل رەختلەر توقۇلىدۇ. 6. كىتابنى ئۆز جايىدا قوي. 7. ئۇ يەردىن كۈن چۈش بولغاندا قايتىپ كەلدۇق. 8. سەن دەرھال تۆۋەنگە چۈش. 9. سەن بۇياققا قارا. 10. زەيتۇنەمنىڭ چاچىنى قارا.

45. كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇڭلار، شەكىل-

داش سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ قانداق مەنىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئۆز، غولاچ تاشلا، ئازاتلىق دېڭىزىنى كەچ،
ئەمما سۇباتلىقنى ھەيران قىل ئەرتە ۋە كەچ.
ۋەتەن، خەلق قايغۇسىنى ھەممىدىن ئەلا بىل،
ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشتە سەن جېنىڭدىن كەچ.

(ل. مۇتەللىپ)

46 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە تۈزۈڭلار.

1. ئېيىت (پاكىز ئېيىت)
2. ئېيىت (گېپىڭنى ئېيىت)
3. سال (ساندۇققا سال)
4. سال (سالنى دەرياغا سال)

## 24-§. قارىمۇ - قارشى مەنىلىك (ئانتونىم) سۆزلەر

قارىمۇ - قارشى شەيئى ياكى بەلگە - خۇسۇسىيەتلەر كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا قارىمۇ - قارشى ئۇقۇملارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئۇقۇملار تىلدا قارىمۇ - قارشى مەنىدىكى سۆز - لەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ياخشى - يامان، چوڭ - كىچىك، ئۇڭ - تەتۈر، ئېگىز - پەس، ئاق - قارا، يىراق - يېقىن

مەنە جەھەتتىن بىر بىرىگە زىت بولغان سۆز-لەر قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر، ئاساسەن، بەلگە، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەتلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ.

مەسىلەن: ياش-قېرى (بەلگە)، ئەر-ئايال (بەلگە)، ئاق-قارا (بەلگە)، راست-يالغان (خۇسۇسىيەت)، ئۇزۇن-قىسقا (خۇسۇسىيەت)، ئىسسىق-سوغاق (خۇسۇسىيەت)، تېز-ئاستا (ھالەت)، ئاز-كۆپ (ھالەت) ۋە باشقىلار.

نۇتۇقتا قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ئۆز جايىدا، مۇۋاپىق قوللانغاندا، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلىگىلى ۋە نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئوي-پىكىرنى قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ ئىپادىلەش خەلق ماقاللىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: بىرلەشكەن ئۆزار، بىرلەشمىگەن توزار. ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز. ياش كەلسە ئىشقا، قېرى كەلسە ئاشقا.

47- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ماس كېلىدىغان قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تېپىپ، يېنىغا يېزىڭلار.

دوست — ھەق —

قاتتىق — يۇقىرى —
ئېغىر — كونا —
تاتلىق — ئورۇق —
كىچە — كۆپ —

ئۈلگە: تاتلىق - ئاچچىق

48 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقالالارنى ئوقۇڭلار، قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تېپىپ، دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1. ئىشچان ئىشىنى يەر، هورۇن بېشىنى (يەر).
2. يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن، راست ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن.
3. بىلىملىك كىشى ئۇزار، بىلىمسىز كىشى توزار. 4. دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار). 5. ئۆز ئېلىڭنىڭ ئىتىنى يە، كىچە - كۈندۈز غېمىنى يە. 6. ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، يامانىنى ماختىساڭ ئادىشىدۇ.

## §25. تۇراقلىق ئىبارىلەر (بىرىكمىلەر)

تىلىمىزدا تۇراقلىق هالدا بىرىكىپ شەكىللەنگەن سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر بار. مۇنداق تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر ئۇزاق قوللىنىلىش نەتىجىسىدە مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

مەسىلەن: بېلى بوش (ئىدىيوم) — بوشاڭ، ئىش خۇشياقمايدىغان؛ تەخسىكەش (ئىدىيوم) — خۇشامەتچى؛ بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما (ماقال) — هەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلماق؛ مۈشۈكنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق (تەمسىل) — هالىغا باقماي چوڭغا ئېسىلماق ۋە باشقىلار.

**ئۇزاق قوللىنىلىش نەتىجىسىدە مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۇراقلىشىپ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان سۆز بىرىكمىلىرى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.**

ئەركىن (تۇراقسىز) سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

تەركىۋىدىكى سۆزلەر نۇتۇق جەريانىدىلا بىرىكىپ كېلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى ئەركىن سۆز بىرىكمىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەركىن سۆز بىرىكمىلىرى، ئومۇمەن، ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى ساقلىغان بولىدۇ، جۈملىدە بىرلا بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — ئۇلۇغ پارتىيە، شەرەپلىك پارتىيە، توغرا پارتىيە. (بۇ جۈملىدە 4 بىرىكمە بار: 1) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، 2) ئۇلۇغ پارتىيە، 3) شەرەپلىك پارتىيە، 4) توغرا پارتىيە)؛ بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. (بۇ جۈملىدە 3 بىرىكمە بار: 1) بۇ يىل، 2) يېزا ئىگىلىكىدىن، 3) مول ھوسۇل)

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تۇراقلىقتىلا، مەنە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئەسلىدىكى مەنىلىرىنى يوقىتىپ كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى لۇغەت تەركىۋىمىزدىكى مۇھىم بىر بايلىق، تەييار تىل ماتېرىيالى. تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسىگە قاراپ، ئىدىيوم، ما-

قال، تەمسىل دىگەن 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 26-§. ئىدىيوم

> ئىدىيوم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن باشقا مەنە ئىپادىلەيدىغان ئىخچام ئىبارىلەردۇر.

مەسىلەن: ساپال قولاق، توخۇ يۈرەك، ئۆپكىسى يوق، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىغىدا، قاپىغىدىن قار ياغماق، چويلىدا توختىمايدىغان گەپ دىگەنگە ئوخشاش سۆز بىرىكمىلىرىدىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىلىرىنى يوقىتىپ، ئومۇملاشقان باشقا بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ساپال قولاق — گەپ ئاڭلىماس دىگەن مەنىنى، توخۇ يۈرەك — يۈرەكسىز دىگەن مەنىنى، ئۆپكىسى يوق — ئالدىراڭغۇ دىگەن مەنىنى، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىغىدا — ناھايىتى يېقىن (قىسقا) دىگەن مەنىنى، قاپىغىدىن قار ياغماق — خاپا بولۇش دىگەن مەنىنى، چويلىدا توختىمايدىغان گەپ — قۇرۇق گەپ دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

> ئۆز تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدىن باشقا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى ئىدىيوم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىدىيوملار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تۇراقلىق ھالدا بىرىكىپ شەكىللەنگەن تەييار تىل ماتىرىيالى. ئۇلار تىلدا خۇددى يەككە سۆزلۈكلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

ئىدىئومىلارنىڭ مەنىسى ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ يەككە مەنىلىرىنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان قوللىنىلىپ تۇراقلاشقان باشقا بىر ئۇقۇمى مەنىدۇر. مەسىلەن، «ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك» دىگەن ئىدىئوم قاندىقتۇ ئاغزىنىڭ قۇلاققا يەتكەنلىگىنى ئەمەس، بەلكى ھەددىدىن ئارتۇق خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىئومىلارنى چۈشىنىشتە ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ يەككە مەنىلىرىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە شۇ ئىدىئومنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلىدىغانلىقىغا قارىشىمىز لازىم.

**49-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ئىدىئومىلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قانداق مەنىدە كەلگەنلىگىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ. 2 قورۇۋۇرغامنى ئەگمە. 3. بۇ ئىشقا چىچەك چىقىپ قالمىسۇن. 4 سېنىڭ دوپپاڭغا جىگدە ساپتۇ. 5. ئۆپكىڭىزنى بېسىپ ئولتۇرۇڭ. 6. ئۇنىڭ تەخسىسى چىقىلدى. 7. ئۇنىڭ خوشاللىقتىن يۈرىگى ئويناپ كەتتى. 8. قۇشقۇننا ئولتۇرۇۋالما.

**50-كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى ئىدىئومىلاردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

چىشىغا تەگمە، بېلى بوش، قىزىل كۆز، ساپال قۇلاق

**51-كۆنۈكمە:** ئۆزەڭلار ئويلاپ، 5 ئىدىئوم يېزىپ كېلىڭلار.

## § 27. ماقال-تەمسىللەر

ماقال-تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان قىممەتلىك پىكىرلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر، شۇنداقلا بۇ پىكىرلەرنىڭ تىلىمىزدا مەلۇم جۈملىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادە قىلىنىشىدۇر. مەسىلەن، بىز ئەمگەك قىلىشنىڭ ئەھمىيەتلىك، شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» ياكى «ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق» دېگەن ماقالنى قوللىنىمىز. بۇزۇلغان ئىشنى ئوڭشىماق، ئەسلىگە كەلتۈرمەكنىڭ تەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، «كەسكەن ياغاچ يېپىشماس» دېگەن ماقالنى قوللىنىمىز. يەنە شۇنىڭدەك ئۈژمە پىش ئاغزىمغا چۈش، تەييار ھالاۋەتكە ئېرىشىشنى، ئاغزى كۆيگەن پۈۋلەپ ئىچەر — ئالدىنقىسىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشنى، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن — ھالىغا لايىق ئىش قىلىشنى، كەكلىكنى دورايمەن دەپ قاغىنىڭ چاترىقى كېرىلىپ كېتىپتۇ — كۈچ يەتمىگەن ئىشقا زورۇقماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

> تىلىمىزدىكى تۈزۈلۈشى قىسقا، ئىخچام لېكىن چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئەقلىيە سۆزلەر ماقال-تەمسىللەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ماقال-تەمسىللەر تىل بايلىقىمىزنىڭ مۇھىم بىر

تارمىغىدۇر. ماقال-تەمسىللەردە خەلقنىڭ دانا قاراشلىرى، ئىلغار پىكىرلىرى، چوڭقۇر ھىس-تۇيغۇلىرى ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنى ساپ دىل، ئادىل، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ، ھورۇنلۇق، ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىككە ئوخشاش يامان ئادەتلەرنى قامچىلايدۇ.

ماقال-تەمسىللەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇ ئېيتماقچى بولغان ئوي-پىكىرنى جانلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ماقال بىلەن تەمسىل بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر-بىرىدىن ئاجرىتىلماي، بىرىنىڭ ئورنىدا يەنە بىرى قوللىنىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پەرقى بار. ماقالدا خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئوي-پىكىرلەر ئۇدۇل ئىپادىلىنىدۇ. تەمسىلدە بولسا، مۇنداق ئوي-پىكىرلەر ئۇدۇل ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ بەلگە-خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئايلانما يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن: يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن بولسا تېپىشەر (ھايۋانلاردىكى خۇسۇسىيەت ئۇرۇق-تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىققا تەمسىل قىلىنغان). مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن (مۈشۈك بىلەن چاشقان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەمسىل قىلىنغان).

52-كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى ئوقۇغلار، ئۇلارنىڭ قانداق مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1. ئۆيدىكى ھېساپ تالاغا توغرا كەلمەپتۇ. 2. يەتتە

ئۆلچەپ بىر كەس. 3. ياتقان ئۈيغا يەم يوق. 4. ئويناپ سۆزلەسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە. 5. تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قېقىپتۇ. 6. كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول. 7. بىلىگى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر.

53-كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بىرنەچچەدىن ماقال-تەمسىل يىغىپ كېلىڭلار.

## مورفولوگىيە

## سۆز تەركىبى

### 28-§. تۈپ (تومۇر) سۆز ۋە قوشۇمچە

«ئىشچى، ئىشچان، ئىشلە، ئىشلىمەك، ئىشقا، ئىشتىن، ئىشنى» دىگەن سۆزلەردە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق بولغان «ئىش» سۆزى بار. «باشلىق، باشچىلىق، باشلا، باشلامچى، باشلاش، باشقۇرۇش» دىگەن سۆزلەردە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان «باش» سۆزى بار. «ئىش، باش» دىگەن سۆزلەر شۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرىدۇ ھەم شۇ سۆزلەرنىڭ تومۇرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. سۆز تومۇرى تېخىمۇ كىچىك مەنىلىك قىسىملارغا بۆلۈنمەيدۇ (ئى + ش، با + ش دەپ بۆلگىلى بولمايدۇ)، بۆلۈۋېتىلسە مەنە ئۇقتۇرالمايدۇ.

ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلىتىدىغان، مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان سۆزلەر تۈپ سۆز ياكى سۆز تومۇرى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر تومۇردىن بىرقانچىلىغان سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. مۇنداق بىر خىل تومۇردىن ياسالغان سۆزلەرنى تومۇرداش سۆزلەر دەيمىز.

مەسىلەن: بىل — بىلىم، بىلىملىك، بىلمەك، بىلگەن

يول — يوللۇق، يولداش، يولسىز، يوللىماق، يوللىغان

ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدىغان، ھەم تىلدا ئايرىم قوللىنىلمايدىغان، پەقەت سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان مەنىلىك بۆلەكلەر قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: «ئەمگەكچى، كۆرەشچان، ئاشپەز، يولداش، ئوقۇغۇچى، چىرايلىق، سۆزلۈك، سۆزلەر، سۆزگە، سۆزدىن، سۆزۈم» دىگەن سۆزلەردىكى «چى، چان، پەز، داش، غۇچى، لىق، لۈك، لەر، گە، دىن، ۈم» دىگەنلەر ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدۇ ۋە ئايرىم قوللىنىلمايدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «چى، چان، پەز، داش، غۇچى، لىق، لۈك» قوشۇمچىلىرى ئۆز ئالدىغا تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمىغان بىلەن، باشقا سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، مەنە ئۇقتۇرىدۇ، يەنى باشقا مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ.

«لەر، گە، دىن، ۈم» قوشۇمچىلىرى ئۆز ئالدىغا

مەنە ئاڭلاتمايدۇ، سۆز مەنىسىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئەمما سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، جۈملىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

54 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە ( - ) قويۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئاشپەز، بېلىقچىلىق، ياغاچچى، ئاچقۇچ، ئىلمەك، سۆزمەن، سامانلىق، ھارۋىكەش، تىكەنلىك، سۈپۈرگە، ياخشىلىق، سىرداش، چىرايلىق، چايدان، ئىنقىلابچى، ۋەتەنپەرۋەر

## 29 - §. قوشۇمچىلەرنىڭ تۈرلىرى

سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان قوشۇمچىلەر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: 1. سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەر؛ 2. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر.

**جۈملىدە سۆزلەرنى بىر بىرىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قوشۇمچىلەر سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: «بىر پارتىيىنى قىزغىن سۆيىمىز» دېگەن جۈملىنى «بىر پارتىيە قىزغىن سۆي» دەپ ئېيتساق، بۇ جۈملىدىكى سۆزلەر ئۆزئارا باغلانمىغان ۋە ئېيتماقچى بولغان ئوي-پىكىر دۇرۇس ئىپادىلەنمىگەن بولاتتى. دېمەك، بۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرۇۋاتقان «نى، مىز» قوشۇمچىلىرى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلە-

دۇر. «تىل ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى»، «دېخانلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا» دېگەن جۈملىلەردىكى «لار، نىڭ، ى، دىن، گە، ماقتا» دېگەن قوشۇمچىلەرمۇ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

> سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى مەنە بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلەر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: «ياغاچ» دېگەن سۆز شەيئىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭغا «چى» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ «ياغاچ- چى» دېسەك، ئەمدى ئۇ سۆز ياغاچ ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە «ياغاچچى» دېگەن سۆزگە «لىق» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ «ياغاچچى- لىق» دېسەك، بۇ سۆز مەلۇم شەخسنى ئەمەس، بەلكى شۇ كەسىپنىڭ ئومۇمى نامىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئوقۇ» بىلەن «ئوقۇت»، «ئوقۇت» بىلەن «ئوقۇتقۇ- چى»، «ئۆن» بىلەن «ئۆنۈم»، «ئۆنۈم» بىلەن «ئۆنۈملۈك»، «باغ» بىلەن «باغۋەن»، «باغۋەن» بىلەن «باغۋەنچىلىك» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ. دېمەك، سۆزگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى مەنە بېرىدىغان قوشۇمچىلەر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر بولىدۇ.

55 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تومۇر بىلەن قوشۇمچە ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە (-) قويۇپ كۆچۈرۈڭلار ۋە تومۇرنىڭ قانداق مەنە ئاڭلىتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن قانداق مەنە ئاڭلىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئاتلىق، سىرداش، جەڭچى، ئۇچقۇچى، كۈيۈمچان، يازغۇچى، كۆپچىلىك، سىزغۇچ، كۆلچەك، قىشلاق، قوغۇنلۇق، كىتاپخانا، ئويۇنچۇق، تۇزلۇم، تۇتقۇچ

**56 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1. ئېلىمىزنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلىرىدە بېلىقچىلىق ئىشلىرى راۋاجلانغان. 2. بالىلىق ئۆي-بازار، بالىسىز ئۆي-مازار. (ماقال) 3. بىز ئېشچى تاغلاردىن ئۆتكىنىمىز. 4. تۇرسۇنناي ناھايىتى تىرىشچان قىز. 5. ئاكام بېيجىڭدا ئوقۇۋاتىدۇ. 6. يوللار تېيىلغاق بولۇپ كېتىپتۇ. 7. بىز زۆرۈر قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورناتتۇق.

## § 30. قوشۇمچىلەرنىڭ ئىملاسى

**1. قوشۇمچىلەر تومۇرغا قوشۇپ يېزىلىدۇ.**

مەسىلەن، باغ + ۋەن + چىلىك + كە — باغۋەنچىلىككە، دىخان + چىلىق + تىن — دىخانچىلىقتىن، ئىش + چى + لار + غا — ئىشچىلارغا

**2. سۆزلەرگە ھەم سۆز ياسىغۇچى، ھەم سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەرنى قوشۇشتا توغرا كەلگەندە، ئاۋال سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.**

مەسىلەن: گۈل + زار + لىق + نىڭ، ئوقۇ + غۇچى + لار + غا، تۆمۈر + چى + لىك + تە

ئەسكەرتىش:

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى سۆز ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ، ئەمما ئاز ساندىكى بەزى قوشۇمچىلەر سۆز ئالدىغا قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

نا ـ ناتوغرا، ناتونۇش

بى ـ بىمەدەپ، بىگۇنا

بەت ـ بەتنىيەت، بەتقىلىق

بە ـ بەئەينى، بەھۇزۇر

## سۆزلەرگە قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى

### 31 - §. تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ياكى لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: قوغۇن، ئۆتۈك، ئاتا، ئېتىز، ئولاغ، تۈزۈم، مەكتەپ، ئىلمەك

سۆز تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ مۇنداق ماسلىشىشى يالغۇز تۈپ سۆزلەردىلا بولىدىغان ھادىسە ئەمەس، ئۇ يەنە تۈپ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ماسلىشىشىدىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ.

مەسىلەن: تاغ ـ تاغلار، گۈل ـ گۈللەر، كىتاپ ـ كىتاپقا، مەكتەپ ـ مەكتەپكە، ياسا ـ ياسىماق، سۆزلە ـ سۆزلىمەك

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا بىرخىل گىرامماتىكىلىق ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قوشۇمچىنىڭ بىرنەچچە خىل شەكلى (ھەم كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرى، ھەم تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرى، ھەم لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرى، ھەم لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرى) بولىدۇ.

مەسىلەن:

كۆپلۈك سان قوشۇمچىلىرى: لار، لەر

كېلىش قوشۇمچىلىرى: غا، قا، گە، كە
دا، تا، دە، تە

سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى: غان، قان، گەن، كەن
ۋاتقان، يۋاتقان
ۈۋاتقان، ۇۋاتقان

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەر: دىن، لىق، لىك
لۇق، لۈك

ۋە باشقىلار.

تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ، يەنى جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ؛ جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئۆگەن — ئۆگەنگەن، ماڭ — ماڭغان، كۆرسەت — كۆرسەتكەن، تاپ — تاپقان

سۆز تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ، جۈملىدىن سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى تاۋۇش بىلەن قوشۇمچە تەركىبىدىكى تاۋۇشنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا ئائىت قائىدىلەر تاۋۇش-لارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى دېيىلىدۇ.

57- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار، تەر-كىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قايسى جەھەتتىن ماسلاش-قانلىقىنى (تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلاشقانمۇ، لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشقانمۇ ياكى ھەر ئىككى جەھەتتىن ماسلاش-قانمۇ) ئېيتىپ بېرىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| كۆڭۈللۈك، | يورۇق، | قانۇن، |
| دادام، | كۆلكىلىك، | ئەخلاق، |
| قورۇلۇش، | تۈزلەش، | چۈشەنمەك، |
| تورغا، | چاقماق، | ئىشچان |

## سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئىككى خىل بولىدۇ: تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق؛ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق.

### 32-§. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش ياكى تىل كەينى سو-زۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ۋە ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش ياكى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ھەم تىل كەينى

سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرگە ئىگە قوشۇمچىلەر تۆۋەندىكى قائى-
دىلەر بويىچە ئۇلىنىدۇ:

1. تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار (ئە، ئۆ، ئۈ) بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ۋە ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

كەل ـ كەلىەك، كەلگەن، كەلسە، كەلتۈ + رۈش

كۆز ـ كۆزلەر، كۆزگە، كۆزدە، كۆزلەپ، كۆزلەش

تۈز ـ تۈز + ۈش (تۈزۈش)، تۈزگەن، تۈزگەندە

ئىدارە ـ ئىدارىلەر، ئىدارىگە، ئىدارىدە

ئۈزۈم ـ ئۈزۈملەر، ئۈزۈمگە، ئۈزۈملۈك

2. تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار (ئا، ئو، ئۇ) بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ۋە ئاخىرقى بوغۇمى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

باشتا، باشقا، باشلاش، باشلانغان

يول ـ يوللار، يولدا، يولغا، يوللاش، يوللىماق

قۇر ـ قۇرۇش، قۇر + ۇل + ۇش + لار

(قۇرۇلۇشلار)

ئاخبارات ــ ئاخباراتلار، ئاخباراتقا، ئاخباراتتا

تازا + لا + ماق (تازىلىماق)

58 - كۆنۈكمە: قائىدىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆز - لەرگە «دا، تا، دە، تە» قوشۇمچىلىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئۈلگە: ۋاستە + دە = ۋاستىدە

قول

كەشپىيات شاڭخەي

سوت قورغاس

مۇساپە بىكەت

چاڭگال لاتىنچە

ئىنتىزام

59-كۆنۈكمە: قائىدىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرگە «لار، لەر» قوشۇمچىلىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ماقالا ئالاقە

ھادىسە مەكتەپ

مۇسابىقە كۆل

شەھەر يېزا

ئويۇن نۇر

نازارەت ئېدىر

ئەسكەرتىش:

ئارىلاش بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا شۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئاساس قىلىنىدۇ. ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، ئۇنىڭغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر

ئۆلىنىدۇ؛ ئەگەر ئاخىرقى بوغۇمدا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بولسا، ئۇنىڭغا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئىمارەت — ئىمارەتلەر، ئىمارەتكە، ئىمارەتتە
ئائىلە — ئائىلىلەر، ئائىلىگە، ئائىلىلىك
تەرەققىيات — تەرەققىياتلار، تەرەققىياتقا
ئىستىقبال — ئىستىقبالغا، ئىستىقباللىق

60 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئاساس قىلىپ، «لار، لەر» قوشۇمچىلىرى بىلەن «دا، تا، دە، تە» قوشۇمچىلىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئۈلگە: ھەرا — ھەرالار، ھەرادا

| | |
|---|---|
| ئەسۋاپ | خۇلاسە |
| ئىمكانىيەت | پائالىيەت |
| قائىدە | قوشۇمچە |
| سانائەت | ئەپسانە |
| رىۋايەت | تەتقىقات |

## 33 - §. ئارا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا قوشۇمچىلەرنىڭ ئۇلىنىشى

ھەممە بوغۇملىرى «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە (تىل، يىگىت)، ئالدىنقى بوغۇمى «ئې» كېيىنكى بوغۇمى «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە (ئېتىز، گېزىت) ھەمدە ئالدىنقى بوغۇملىرى باشقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن، پەقەت ئاخىرقى بوغۇملا «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە (ياخشى، شائىر) ھەم تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق، ھەم تىل كەينى سو-

زۇق تاۋۇشلۇق تۈرگە ئىگە قوشۇمچىلەر تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە ئۇلىنىدۇ:

1. ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى» نىڭ قاتتىق (تىل كەينى) ھەم يۇمشاق (تىل ئالدى) تەلەپپۇز قىلىدىغان ئىككى خىل ۋاريانتى بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئى» تاۋۇشىنىڭ تىل كەينى ۋاريانتى بىلەن كەلگەن سۆزلەرگە تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ؛ تىل ئالدى ۋاريانتى بىلەن كەلگەن سۆزلەرگە ھەمدە تەركىۋىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولغان سۆزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

تىل — تىللار، تىلغا، تىلدا، تىللاپ
قىر — قىرلار، قىردا، قىرغاق، قىرلاپ
سىنىپ — سىنىپلار، سىنىپقا، سىنىپتا
ئىلمەك — ئىلمەككە، ئىلمەكتە
گېزىت — گېزىتلەر، گېزىتكە، گېزىتتە

2. ئاخىرقى بوغۇمى ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئالدىدىكى بوغۇملىرىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، ئۇنىڭغا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ؛ تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: تەسىر — تەسىرلەر، تەسىرگە، تەسىرلەندۇرۇش؛ ئۈمىت — ئۈمىتلەر، ئۈمىتكە، ئۈمىتلەنمەك؛ ياخشى — ياخشىلار، ياخشىلان، ياخشىلانماق؛ كوللېكتىپ — كوللېكتىپقا، كوللېكتىپلاشماق

61 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىپ كۆرۈڭلار، بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ئى» تاۋۇشىنىڭ قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ياكى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىغا ئاساسەن «لار، لەر» قوشۇمچىلىرىنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئۈلگە: چىش + لەر = چىشلەر

| | |
|---|---|
| كىگىز | ئىش |
| كېلىن | جىسىم |
| ئىستىل | سىڭىل |
| سىز | شارائىت |
| ئېتىز | پېئىل |
| بۇلغىنىش | پىكىر |

62 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى يۇقۇرىدىكى كۆنۈكمىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىشلەڭلار، بېرىلگەن سۆزلەرگە «گە، كە، غا، قا» قوشۇمچىلىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

| | |
|---|---|
| شەكىل | سەككىز |
| ئىككى | بېيجىڭ |
| كەسىپ | بىلىملىك |
| ئىشچى | ئىگىلىك |
| قايسى | گۆش |
| بىلىش | پىرىنسىپ |

## ٣٨ - §. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەۋ ھالىتى
## جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىغى

لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ۋە ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە ھەم لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق، ھەم لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرگە ئىگە قوشۇمچىلەر تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىدۇ:

> لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇملارغا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ؛ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارغا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

يول — يول + ۇم (يولۇم)، يول + ۇك (يولۇك)، يول + لۇق (يوللۇق)

كۆرسەت — كۆرسەت + ئىپ (كۆرسىتىپ)، كۆرسەت + ئىش (كۆرسىتىش)

ياتقۇز — ياتقۇز + ۇش (ياتقۇزۇش)، ياتقۇز + ۇپ (ياتقۇزۇپ)

سۆزلەش — سۆزلەش + ئىش (سۆزلىشىش)، سۆزلەش +

ئىپ (سۆزلىشىپ)

باتۇر — باتۇرلۇق

مەردانە — مەردانىلىك

63 - كۆنۈكمە: قائىدىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرگە «ش، ىش، ۇش، ۈش» قوشۇمچىلىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئۈلگە: ئۆگەن + ىپ = ئۆگىنىپ

| | | |
|---|---|---|
| ئۆزگەر | قوش | كۆكەر |
| يوقال | قالدۇر | يۆكسەل |
| ئۆگەت | گۈللەت | ئوقۇ |
| يەتكۈز | كۆر | قوزغال |

64 - كۆنۈكمە: قائىدىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرگە «لىق، لىك، لۇق، لۈك» قوشۇمچىلىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئۈلگە: ۋاستە + لىك = ۋاستىلىك

| | | |
|---|---|---|
| دەرس | ئالما | ئۈلگە |
| گۈل | توسقۇن | ئۆلكە |
| ئەنجۈر | ئۈزۈم | قوغۇن |
| توغرا | قايغۇ | كۆپ |

65 - كۆنۈكمە: قائىدىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرگە «ۋاتقان، ئىۋاتقان، ئۇۋاتقان، ئۈۋاتقان» قوشۇمچىلىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئۈلگە: كۆرسەت + ىۋاتقان = كۆرسىتىۋاتقان

| | | |
|---|---|---|
| ئوقۇ | يۆكسەل | قوتقاز |
| قوللان | ئويلان | ياز |

تۆزەت يانداۆر سۆپۆر
كۆرۆن ئىشلە

## 35 - §. تاۋۇشلارنىڭ ئۆۋەتلىشىشى

سۆزلەرگە تۈرلۈك قوشۇمچىلەر قوشۇلغاندا، بەزى هاللاردا بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار ياندىش تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، باشقا تاۋۇشلار بىلەن ئۆۋەتلىشىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قان + ىم = قېنىم | ئەينەك + ى = ئەينىگى |
| خەت + ى = خېتى | چىراق + ى = چىرىغى |
| كورا + سى = كورىسى | ئاپتاپ + ى = ئاپتىۋى |
| ئىشلە + دىم = ئىشلىدىم | |

سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇش بىلەن بىر تاۋۇشنىڭ يەنە بىر تاۋۇشقا ئۆزگىرىش هادىسىسى تاۋۇشلارنىڭ ئۆۋەتلىشىشى دېيىلىدۇ.

سۆز تەركىۋىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆۋەتلىشىشى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

## 36 - §. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆۋەتلىشىشى

«ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بو-

غۇملۇق سۆزلەر ۋە ئاخىرقى بوغۇمى «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر قوشۇلغاندا، تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

1. «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» ياكى «ئە» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلەر ئۇلانغاندا، يېپىق بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى «ئې» بىلەن، ئوچۇق بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى «ئە» تاۋۇشى «ئى» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ ۋە نۆۋەتلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

باش + ىم = بېشىم　　ئات + ى = ئېتى

بەل + ىڭ = بېلىڭ　　كەل + ەر = كېلەر

كەت + ەيلى = كېتەيلى

دە — دېدى، دېگەن، دېمەك

يە — يېدى، يېگەن، يېمەك

2. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى قوشۇمچىلەر قوشۇلغاندا، بىردەك «ئى» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ ۋە شۇ بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

بالا + لار = باللار، ياشا + سۇن = ياشسۇن

ۋەتەن + ىم = ۋەتىنىم، ئۆگەت + ئىپ = ئۆگىتىپ

چارۋا + چىلىق = چارۋىچىلىق،

ناھىيە + لىك = ناھىيىلىك

جۈملە + لەر = جۈملىلەر، بەلگە + لەر = بەلگىلەر

ئەسكەرتىش:

1) بەزى ئۇرغۇسى تۇراقلىق بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

مەسىلەن:

سان + ى = سانى، چەم + ى = چەمى

قارا + رىمز = قارارىمز، نىشان = نىشانى

2) ئاخىرقى بوغۇمدا كەلگەن «ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

مەسىلەن:

بۆيرۇق + ى = بۆيرۇغى،

چوڭقۇر + لۇق + ى = چوڭقۇرلۇغى

ئۆمۈر + لۈك = ئۆمۈرلۈك، ئۆزۈم + ى = ئۆزۈمى

66 - كۆنۈكمە: قائىدىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرگە «ئى» ياكى «سى» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار، قايسى سۆزلەردە تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئۈلگە: هارۋا + سى = هارۋىسى

| | | |
|---|---|---|
| جۈملىلەر | ياش | ئاك |
| ئالما | ھەركەت | قەلەم |

ئائىلە ئىدارە ئەزا
چاپا كىنوخانا پىلان
ئىملا دەريا تەم
مەيدان جوزا ئۆسۈملۈك
ماشىنا تىراكتور كورا

67-كۆنۈكمە: قائىدىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى «-ىش» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەڭلار، قانداق تاۋۇش ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

ئۈلگە: ماڭ + ش = مېڭىش

ياز كەل يۆكەل
ئال ئويلان بەر
كەت سال سەز
بار قال ئىشلەت

## § 37. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

ئاخىرى جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان تۈرگە ئىگە قوشۇمچىلەر تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئۇلىنىدۇ:

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ؛ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

بار — بارغان، بارغاچ، بارغىچە، باردىم

ئات — ئاتقان، ئاتقاچ، ئاتقىچە، ئاتتىم

بازار — بازاردا، بازارغا، بازاردىن

مەكتەپ — مەكتەپتە، مەكتەپكە، مەكتەپتىن

ئەسكەرتىش:

ئۇچۇق بوغۇملاردىن كېيىن جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلەر ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

ئائىلە — ئائىلىدە، ئائىلىگە، ئائىلىدىن

ئاۋازى — ئاۋازىدا، ئاۋازىغا، ئاۋازىدىن

## 38 - §. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، «ق» تاۋۇشى «غ» تاۋۇشى بىلەن، «ك» تاۋۇشى «گ» تاۋۇشى بىلەن، «پ» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۆزگەرگەنلىكىنى بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

ياتاق — ياتىقىم    ئوتتۇق - ئوتتۇغى

تىلەك ــ تىلىگىمىز          ئەمگەك ــ ئەمگىكى
مەكتەپ ــ مەكتىۋىمىز          تەرتىپ ــ تەرتىۋىڭلار
ئەسكەرتىش:
تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بەزى سۆزلەر بۇ قائىدىگە
بويسۇنمايدۇ.
ئەخلاق ــ ئەخلاقى          ئىدراك ــ ئىدراكى
تەرەپ ــ تەرىپى

2. ئاخىرى «گ» ياكى «غ» تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە يەنە شۇ تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلەر قوشۇلغاندا، سۆز ئاخىرى ۋە قوشۇمچە بېشىدىكى «گ» تاۋۇشى «ك» تاۋۇشىغا، «غ» تاۋۇشى «ق» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىدۇ.

مەسىلەن:
تۇغ + غان = تۇققان، بوغ + غان = بوققان
چىگ + گەن = چىككەن، تۈگ + گەن = تۈككەن

68- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە تىرناق ئىچىدىكى قوشۇمچىلەرنى قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ قايسى تاۋۇش بىلەن ئۆزگىرىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئاق (ى)، ئات (ىم)، كەل (ىپ)، نان (ىنىڭ)، بەل (ىم)، بەت (ى)، ئەل (ى)، باش (ىڭ)، جان (ىم)، ياز (ىپ)، كەت (ىش)، ياش (ى)، قال (ىپ)، مەش (ى)، كەچ (ئەر)، بەر (ئەر)

69- كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى يۇقۇرىدىكى كۆنۈكمىنىڭ

تەلۋى بويىچە ئىشلەڭلار.

قايماق (ى)، ناھىيە (لىك)، چارۋا (چىلىق)، قەلەم (ىم)، تاشلا (دىڭ)، مىۋە (لەر)، مەھەللە (مىز)، ۋەسىيەت (ى)، باشلا (دۇق)، ھەرە (نى)، ئاڭلا (غان)، ئىشخانا (سى)، مىلـ لەت (ى)

70 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بېرىلگەن قوشۇمـ چىلەرنى قوشۇڭلار، سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلاردا قانداق تا- ۋۇش ئۆزگىرىشى بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار ھەمدە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

چىلەك (ىم)، قالپاق (ىڭ)، ئىنقىلاپ (ىمىز)، مەنـەپ (ى)، ئىنساپ (ىڭ)، كۆينەك (ىم)، ئۈچەك (ىڭ)، بايراق (ى)، ياتاق (ىڭىز)، ئوغاق (ىم)، قولاق (ىم)، تۇگ (گەن)، ياغ (غا)، ۋەتەن (ىم)، يازما (دى)، ئىلمەك (ى)

71 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە «ى» ياكى «سى» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ تۈرلەڭلار، تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسى يۈز بەرمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

چاق، خەلق، تۇزۇم، كۆك، بۆك، ساپا، ئىتتىپاق، ئەخـ لاق، يامغۇر، قەلئە، ئۇزۇم

## 39 - §. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قو- شۇلۇپ قېلىشى

سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، بىر قىسىم سۆزلەر- نىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى بەزى تاۋۇشـلار چۈشۈپ قالىدۇ، بەزىدە ئايرىم تاۋۇشلار قوشۇلۇپ قالىدۇ. بەزى تاۋۇشلارنىڭ

چۈشۈپ قېلىشى ۋە بەزى تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە بولىدۇ:

1. يېپىق بوغۇملۇق ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا چۈ-
شۈپ قالىدۇ.

مەسىلەن: سىڭىل — سىڭلىم، سىڭلىڭ، سىڭلىسى
ۋاقىت — ۋاقتىم، ۋاقتىڭلار، ۋاقتى
ئورۇن — ئورنىم، ئورنۇڭلار، ئورنى
كۆڭۈل — كۆڭلۈم، كۆڭلۈڭ، كۆڭلى

2. بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» تا-
ۋۇشى تۇرلەنگەندە (قوشۇمچە قوشۇلغاندا) پەيدا بولسا، چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ، ئەگەر تۇرلەنگەن-
دە پەيدا بولمىسا، چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: دوست — دوستى    پۇشت — پۇشتى
راست — راستىڭىز    تەخت — تەختى
گۆش — گۆشى    پەس — پەسكە
دەرەخ — دەرىخى

3. ئۈچۈق بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرگە ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا بىرىنچى، ئىككىنچى شەخستە «ي» قوشۇلىدۇ، ئۈ-
چىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۆزى قوشۇلىدۇ.

مەسلەن: سىيا — سىيايىم، سىيايىڭ، سىياسى
گۈنا — گۈنايىمىز، گۈنايەڭلار، گۈناسى
ئىملا — ئىملايىم، ئىملايىڭ، ئىملاسى

**72 - كۆنۈكمە:** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بېرىلگەن قوشۇمچىلەرنى قوشۇپ كۆچۈرۈڭلار، قانداق شەكىلدە تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ۋە تاۋۇش قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئوغۇل (ۇم)، ئەزا (ىم)، يۈز (ۈش)، دە (ش)، پىكىر (ىم)، قەست (ى)، مەتبە (ىمىز)، يە (ىش)، رەخت (ى)

## سۆز تۈزۈلۈشى

### 40 - §. تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز

تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدۇ (يەر، سۇ، ئادەم، ئىش، بالا، ھاۋا، ئال، بەر، ئاق، ئىگىز، بىر، ئون، كۆپ...). يەنە بەزى سۆزلەر بولسا، مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ.

مەسلەن: يول + داش = يولداش      تەرەپ + باز = تەرەپباز
تۆمۈر + چى = تۆمۈرچى      چاي + دان = چايدان
ئىش + چان = ئىشچان      ئىغۋا + گەر = ئىغۋاگەر
تۈز + لۈق = تۈزلۈق      قورق + قاق = قورققاق

تۈپ سۆز ياكى سۆز تومۇرىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق تۈرلۈك يېڭى مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ.

تۈپ سۆزلەرگە تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قو-
شۇمچىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالىدىغان، مە-
نىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدىغان سۆزلەر ياسالما
سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر ياسالما سۆزگە يەنە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنى
قوشۇش ئارقىلىق ئىككىنچى بىر ياسالما سۆزنى ياسىغىلى
بولىدۇ.

بىل+ىم=بىلىم
بىلىم+لىك=بىلىملىك
قۇر+ۇل=قۇرۇل
قۇرۇل+ۇش=قۇرۇلۇش
بىر+لەش=بىرلەش
بىرلەش+تۈر=بىرلەشتۈر (دى)

سۆز تومۇرى (تۈپ سۆز) گە سۆز ياسىغۇچى قوشۇم-
چىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق تۈرلۈك يېڭى مەنىدىكى سۆزلەر-
نى ياساش ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك سۆز ياساش
ئۇسۇلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

73 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار، سۆز
تومۇرى بىلەن قوشۇمچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ
كۆچۈرۈڭلار.

ئۇنتالغۇ، قالدۇرۇق (يەر)، يانار (تاغ)، يىغىم، قونداق،
ئۇرۇش، چوڭچىلىق، ئابرويپەرەست، قارارگاھ، چېقىمچىلىق،
توقۇمىچىلىق، ئۇرۇشقاق

74 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار، تۈپ
سۆزلەرنى بىر تەرەپكە، ياسالما سۆزلەرنى يەنە بىر تەرەپ-

كه ئايرىپ يېزىپ چىقىڭلار.

ئاچقۇچ، كىتاپ، ئايلىق، قەلەم، كۆلچەك، ئوتتۇنچى، سوئلۇق، ئىشخانا، يەر، سۆزمەن، قەغەز، ئىلمەك، شەھەر، ياش، زامانداش، تۇرمۇش، چىمەنزار، تۆرىچىلىك، يېڭى، چارايلىق، ئىسپات، كۆكتات، ئىزچىل

## 41 - §. جۈپ سۆز

تىلىمىزدا ئايرىم سۆزلەر ئىككى تومۇرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلۈپ، يېڭى ياكى باشقىچە مەنە ئاڭلىتىدۇ.

مەسىلەن: «قازان - قومۇچ» دىسەك، يالغۇز قازانىنىلا ئەمەس، بەلكى قازانغا يېقىن بولغان تۇۋاق، چۆمۈچ، ساپلىق ۋە باشقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. «قۇرۇت - قوڭغۇز» دىسەك، قوڭغۇز ۋە قوڭغۇزغا ئوخشىغان قۇرۇت - ھاشارەتلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىككى سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ (قوشۇلۇپ) ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلگەن ھەم يېڭى، ھەم كەڭ مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆزلەر جۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن: ئىلىم - پەن، ئاددى - ساددا، ئويۇن - كۈلكە، ئاش - پاش، چىنە - چەينەك، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، لەپ - لەپ

جۈپ سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بىر خىل ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىككى مەنىداش سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

خوشال - خورام          جۇدۇن - چاپقۇن

كۆچ - قۇۋۋەت          بەخت - سائادەت

2. مەنىلىرى ئۆزئارا يېقىن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

پارتىيە - گۇرۇھ          تىل - يېزىق

ئوق - دورا          ئاچ - يالىڭاچ

3. قارىمۇ - قارشى مەنىدىكى ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

قىش - ياز          ئەر - ئايال

ھايات - مامات          ئىگىز - پەس

4. بىرىنچىسى مەنىلىك ئىككىنچىسى مەنىسىز ياكى بەرىنچىسى مەنىسىز، ئىككىنچىسى مەنىلىك ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

ئاغرىق - سىلاق          ئوزۇق - تۈلۈك

كىيىم - كېچەك          خەت - پەت

دەل - دەرەخ          ئوپ - ئوچۇق

قىپ - قىزىل          چوپ - چوڭ

5. ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدىغان، پەقەت قوشۇلۇپ ئىشلىتىلگەندىلا مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىككى سۆزنىڭ ئاھاڭداش (قاپىيىداش) كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

ئاپاق - چاپاق          ئوڭتەي - توڭتەي

قاراس - قۇرۇس          پات - پاراق

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرمۇ جۈپ سۆزلەرگە كىرىدۇ، مۇنداق تەكرار سۆزلەر ئەينەن تەكرارلىنىش بىلەن كېلىشمۇ، بەزىلىرىنىڭ بىرىنچىسىدىن كېيىن

«دىن، تىن» قوشۇمچىسى ياكى «مۇ» ئۇلانمىسى قو-
شۇلۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

رەت - رەت　　　　تېز - تېز
ئاستا - ئاستا　　　　كۆرۈپ - كۆرۈپ
قىلىمۇ - قىل　　　　تەڭمۇ - تەڭ
پەيدىن - پەي　　　　بىردىن - بىر

جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ.

75 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈپ سۆزلەرنى كۆچۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ قايسى خىل تۈزۈلۈش شەكلىدە كەلگەنلىگىنى يېنىغا يېزىپ قويۇڭلار.

نان - پان　　　　ئىشچى - دىخان
غەم - قايغۇ　　　　ئۆي - پۆي
بوۋاي - موماي　　　　ئاشقان - تاشقان
چوڭ - كىچىك　　　　ئىزمۇ - ئىز
باشتىن - ئاخىر　　　　فېئودال - پومىششىك
مال - ۋاران　　　　ئەسكى - تۈسكى
جاراڭ - جۇرۇڭ　　　　شەك - شۈبھە

76 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار 6 جۈملە تۈزۈڭلار، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە جۈپ سۆزلەر بولسۇن.

## § 42. بىرىككەن سۆز

تىلىمىزدىكى ئايرىم سۆزلەر بىر تومۇردىن ئەمەس، بەلكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تومۇرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: «ئاقسۇ، ئاققوناق، تۆمۈريول، قولياغ-

لىق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەر بىرى ئىككىدىن تومۇردىن تۈ-
زۈلگەن. «مەستىمىنقارى، ئاقتاش قوتان، قوشباش كەنت»
(يەر ئىسىملىرى) دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەر بىرى ئۈچتىن تو-
مۇردىن تۈزۈلگەن.

> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ چىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بىرلا شەيئى ياكى ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىرىككەن سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

تۇرسۇن+مەھەممەت=تۇرسۇنمەھەممەت

رەيھان+گۈل=رەيھانگۈل

تاش+پاقا=تاشپاقا

ئۈچ+ئۆستەڭ=ئۈچئۆستەڭ

باش+توگ+تاش=باش توگتاش

ئۇلۇغ+سۇ+باش+بۇلاق=ئۇلۇغسۇ باشبۇلاق

ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ.

77 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى بىرىككەن سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ نەچچە سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

بەشېرىق، مۇزداۋان، ئايىمىنسا، ئىشلەپچىقىرىش، ئىزباسار، تۇرسۇنبۇۋى، خانقىز، مودەنگۈل، مەتربھىم، يېڭىئۆستەڭ، شامالباغ، مەمتىمنھاجى، دۆلەتباغ، قاراماي، قارمۇچ، ھەرەمباغ

78 - كۆنۈكمە: ئۆزەڭلار بىرىككەن سۆزدىن 10نى يېزىپ كېلىڭلار.

## 43 - §. مۇستەقىل ھەم ياردەمچى سۆزلەر

تىلىمىزدىكى بارلىق سۆزلەر مەنىسىگە ھەم جۈم-لىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ، مۇستەقىل سۆزلەر ھەم ياردەم-چى سۆزلەر دەپ ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ.

> ئادەم ۋە نەرسىلەرنى، ۋەقە ۋە تەبىئەت ھا-دىسىلىرىنى، بەلگىلەرنى، ئىش - ھەركەتنى، سان - مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر مۇستەقىل سۆز-لەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: كىتاپ، تاغ، سۇ، كالا، يامغۇر، قىزىل، كۆك، ئىشلە، ئۇخلا، ئاز، ئىتتىك، بەش، يىگىرمە، ئەتىياز، بۈگۈن

مۇستەقىل سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلىتىدۇ ۋە جۈملىدە بەلگىلىك سوئالغا جاۋاپ بولۇپ، جۈملە بۆلەكلىرى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا قىزغىن تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

كىملەر تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ؟ — ئوقۇغۇچىلار.

ئوقۇغۇچىلار نېمىگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ؟ — ئىمتىھانغا.

قانداق تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ؟ — قىزغىن.

ئوقۇغۇچىلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا، تولۇق مەنە ئاڭلاتمايدۇ، پەقەت جۈملىدىكى سۆزلەرنى بىر بىرى بىلەن باغلاپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى ئېنىقلاش ياكى ئۇلارنىڭ

مەنىلىرىگە قوشۇمچە مەنە بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.
مەسىلەن: مەن كىتاپ ۋە دەپتەر ئالدىم. ئاكام ئوقۇش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىردى-دە، چىقىپ كەتتى. مەن سىنى خېلى كۈتتۈم، لېكىن سەن كەلمىدىڭ.

> ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان، ئەمما جۈملە ياكى ئۇتۇقتا مۇستەقىل سۆزلەرگە ئەگىشىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا باغلاش ياكى ئۇلارنىڭ مەنىلىرىگە قوشۇمچە مەنە بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ياردەمچى سۆزلەر تۆرلۈك سۆز گۇرۇپپىلىرىغا — سۆز تۈركۈملىرىگە بۆلۈنىدۇ.

مۇستەقىل سۆزلەر:

1. ئىسىم (دەريا، ئۆي، سۇ، قوربان ...)
2. سۈپەت (كۆك، ئىگىز، ياخشى، ئۇزۇن ...)
3. سان (ئىككى، ئالتە، ئۈچىنچى، يىگىرمە ...)
4. ئالماش (مەن، سەن، ئۇ، ئاۋۇ، ھېچكىم ...)
5. پېئىل (ياز، كەل، ماڭ، ئال، ئوقۇ ...)
6. رەۋىش (كۆپ، مول، چاپسان، يۇقۇرى ...)

ياردەمچى سۆزلەر:

7. باغلىغۇچىلار (ۋە، ھەم، ئەمما، ياكى، بەلكى ...)
8. ئۇلانمىلار (دە، مۇ، زە، چۇ، غۇ ...)
9. سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى (توغرىلىق، قاتارلىق، ئىبارەت ...)
10. ئىملىق سۆزلەر (ئاھ، ئۇھ، جاراڭ-جۇرۇڭ ...)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلەت سىدىق
مەسئۇل تەھرىرى: ئابلەت قاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى:
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ يەنني

初级中学课本

**语 法**

第一册

新疆维吾尔自治区教育厅语文编写组编

维吾尔文

•

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى
تىل - ئەدەبىيات تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزدى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

•

فورماتى: 1092×787، 1/32؛ باسما تاۋاق: 3.25
1984 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 6 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—70.800
بىرلەشمە نومۇرى: MK7129·1521
باھاسى: 0.15 يۈەن

新